# شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى

# 新疆地方志



ISSN 2095-5278

02

9 772095 527144

2015 1

## شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى

پەسىللىك ژۇرنال
32 - يىل نەشرى
ئومۇمىي 110 - سان

**2015 - يىللىق**
**1 - سان**

باش مۇھەررىر
ئابدۇللا ئاۋۇت

مەسلىھەتچىلەر
نۇرمۇھەممەت دۆلەتى
سابىر ئەلى

مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر
ئابدۇرۇپ ئېلى
ئەخمەت روزى توغرايول

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى
(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)
ئابدۇرۇپ ئېلى، ئابدۇقېيۇم خوجا، ئابلەت نۇردۇن، ئابلەت ئىمىن، دىلمۇرات مۇسا، راسلە، غوپۇر ھوشۇر نىيازى، غوجا ئەخمەت يۇنۇس، قادىر ھاپىز، قاسىم خوجا، قۇربان مامۇت

مەسئۇل مۇھەررىر
جەمىلە ئابلا

ژۇرنال خەت ساندۇقى:
**tezkire@126.com**


## مۇندەرىجە


*ھۆججەتلەر*

شىنجاڭنىڭ 2014 - يىللىق تەزكىرە خىزمىتىدىكى چوڭ ئىشلار ..
............................................................1

*تارىخ سەھىپىسىدە*

ئەن لۇشەن - شى سىمىڭ توپىلىڭىدىكى تۈرك ۋە ئۇيغۇرلار......
........................... *ئابلەت كامالوف [قازاقىستان]* 9

*يەر ناملىرى*

«چاقسا» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە ............
.................................... *يۇنۇس سادىق* 16

*يۇرتلار ئەھۋالى*

ئارابوز ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش.........................
............................ *بۇرھانىددىن ئابدۇقادىر* 18

*ئىلمىي مۇھاكىمە*

رىۋايەتلەردىكى «يەجۇج - مەجۇجلەر» ھەققىدە..................
............................ *ئەخمەت مۆمىن تارىمى* 21

*مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى*

يېڭىساردىكى مەدەنىيەت ئىزلىرى ..............................
.............. ئابدۇلئەزىز مەسۇم لاۋارى، مۇھەممەدئېلى ئەنۋەر 30

*شىنجاڭدىكى كەسىپلەر*

تۇرپان تەۋەسىدىكى كېمىر ئۆي ۋە ياپما ئۆي توغرىسىدا..........
.................................... *ئەكرەم توختى* 40

*بىلىپ قېلىڭ*

يەكەن سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە قوللىنىلغان ئاساسلىق مەمۇرىي - لەشكىرىي تۈزۈملەر توغرىسىدا ................
.............. *ئەكرەمجان مەتروسۇل ئۈمىدى، بۇنىيازگۈل سەمەت* 44
قاراقاش دەرياسى كۆۋرۈكىنىڭ سېلىنىشىدىن ئەسلىمە ............
.................. *مۇھەممەتئىمىن نۇرى، تۇرسۇن ئابدۇللا بەگيار* 48

*سوتسىيالىستىك يېڭى تەزكىرىلەردىن*

«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى . ھۆكۈمەت ئىشلىرى تەزكىرىسى . ھۆكۈمەت» ............................................ 50


مۇقاۋىدا: ئاقتۇ ناھىيەسىنىڭ بارىن يېزىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن چېلىشىش مۇسابىقىسى

ئۆتكۈر نىجات فوتوسى

# شىنجاڭنىڭ 2014 - يىللىق تەزكىرە خىزمىتىدىكى چوڭ ئىشلار

1 - ئاينىڭ 10 - كۈنى «باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيەسى تەزكىرىسى» (1978 — 2010) نىڭ ئارگىنالىنى باھالاش يىغىنى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىر لياۋ يۇنجيەن، پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن مۇدىر ليۇ شىڭ، مۇئاۋىن كۆزەتكۈچى خۇاڭ جيەنئەن، باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيەلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ۋەلىقان، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى رايونلۇق - ناھىيەلىك، سانجى ئوبلاستى ۋە ئوبلاستقا قاراشلىق ناھىيەلىك - شەھەرلىك، تۇرپان ۋىلايىتى ۋە ۋىلايەتكە قاراشلىق ناھىيەلىك - شەھەرلىك، قومۇل ۋىلايىتى ۋە ۋىلايەتكە قاراشلىق ناھىيەلىك - شەھەرلىك تەزكىرە ئىشخانىلىرىنىڭ مۇدىرلىرى شۇنداقلا چۆچەك شەھەرلىك تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان مۇتەخەسسىسلەردىن بولۇپ 49 كىشى يىغىنغا قاتناشتى. يىغىندا لياۋ يۇنجيەن سىياسىي ئۆتكەل، تۈزۈش ئۆتكەل، تارىخىي ماتېرىيال ئۆتكىلى، يېزىق ئۆتكىلى، مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئۆتكىلىدىن ئىبارەت بەش ئۆتكەلنى ياخشى ئىگىلەش ھەققىدە تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى؛ ليۇ شىڭ «باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيەسى تەزكىرىسى» (1978 — 2010) نىڭ ئارگىنالىنى باھالاش كومىتېتىغا ۋاكالىتەن ئارگىنالنىڭ باھالاشتىن ئۆتكەنلىكىنى ئېلان قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، باركۆل ناھىيەلىك تەزكىرە ئىشخانىسىدىكىلەردىن تەزكىرە ئارگىنالىنى تېزدىن تۈزىتىپ، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشى ۋە نەشرگە يوللىشىنى تەلەپ قىلدى.

2 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ «ئەل رايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش بويىچە سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئاچتى. يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىر لياۋ يۇنجيەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى جاڭ چۈنشيەننىڭ 2 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلاردىكى كادىرلارنىڭ ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ «ئەل رايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش سەپەرۋەرلىك يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىنىڭ روھى ۋە ئالاقىدار ھۆججەتلەرنىڭ روھىنى يەتكۈزدى. يىغىندا لياۋ يۇنجيەن ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىدىكى پارتىيەلىك كادىرلارنىڭ باشلامچى بولۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ چاقىرىقىغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ پائالىيەت روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، تەزكىرە خىزمەتچىلىرىنىڭ نەمۇنىلىك، باشلامچىلىق رولىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرۇپ، ئاساسىي قاتلامغا، ئامما ئارىسىغا بېرىپ، خەلقنىڭ كۆڭلىنى مايىل قىلىپ، خەلقنىڭ قەلبىگە ياقىدىغان، خەلقنىڭ قەلبىنى ئىللىتىدىغان ئىشلارنى كۆپرەك قىلىپ، ئاممىۋى خىزمەتنى ياخشى ئىشلەپ، ئاممىنىڭ كەيپىياتىنى پائال تۇراقلاشتۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە ئىناقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشىنى تەكىتلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى تۇنجى تۈركۈمدە ئەۋەتكەن 14 خادىم 3 - ئاينىڭ 4 - كۈنى نۇقتىلارغا بېرىپ بولدى.

2 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىر لياۋ يۇنجيەن، پارتگۇرۇپپا ئەزاسى، مۇئاۋىن مۇدىر ليۇ شىڭ قاتارلىق ئۈچ كىشى ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ «ئۈچ ئەل» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش خىزمەت گۇرۇپپىسى تۇرۇشلۇق نۇقتا — ئونسۇ ناھىيەسى توخۇلا يېزىسىنىڭ داخان كەنتى، ئۇستۈنكى قۇرباغ كەنتىگە بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. 2 - ئاينىڭ 28 - كۈنى لياۋ يۇنجيەن قاتارلىقلار ئونسۇ ناھىيەلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى جاۋ لى، ناھىيەلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى جۇ يىڭشەن، توخۇلا يېزىلىق پارتكومنىڭ شۇجىسى ياڭ ئەنلەر بىلەن سۆھبەتلەشتى ۋە پىكىر ئالماشتۇردى، ئونسۇ ناھىيەسى، توخۇلا يېزىسىنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەھۋالىنى ئىگىلىدى، بولۇپمۇ، داخان كەنتى، ئۇستۈنكى قۇرباغ كەنتىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلىي قۇرۇلۇشى، ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەرەققىيات ئەھۋالى ۋە 2014 - يىللىق خىزمەت پىلانىنى ئىگىلىدى. ئۇلار تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغان مەزگىلدە داخان كەنتى، ئۇستۈنكى قۇرباغ كەنتىگە بېرىپ ياچېيكا شۇجىلىرى بىلەن خىزمەتلەرنى ماسلاشتۇردى ھەمدە كەنتكە چۈشكەن كادىرلارنىڭ تۇرمۇش ئەسلىھەلىرى ۋە مۇھىتىنى تەكشۈردى، كەنتكە چۈشۈش ئالدىدا تۇرغان كادىرلارغا كۆندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى ئېلىپ بەردى. 3 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ 14 كادىرى مۇددەتتىن بۇرۇن نۇقتىغا بېرىپ بولدى.

2 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن مۇدىر ليۇ شىڭ قاتارلىقلار ئونسۇ ناھىيەسىگە بېرىپ 2 - نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى تەكشۈردى، ناھىيەلىك تەزكىرە ئىشخانىسىدىكىلەر بىلەن سۆھبەتلەشتى. ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكوم تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ جيەنيۇن قاتارلىقلار تەكشۈرۈشتە بىللە بولدى. ليۇ شىڭ قاتارلىقلار ئونسۇ ناھىيەلىك پارتكوم تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى بەي فاڭپىڭنىڭ ئونسۇ ناھىيەسىنىڭ 2 - نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالى، تەزكىرىنىڭ باب - پاراگرافلارغا ئايرىلىش ئەھۋالى ۋە 2014 - يىلى ئونسۇ ناھىيەسى تەزكىرىسىنىڭ ئارگىنالىنى باھالاش خىزمىتى پىلانى ھەققىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلىدى، تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ خىزمەت مۇھىتىنى نەق مەيداندا تەكشۈردى.




3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى تارباغاتاي ۋىلايىتى پارتىيە تارىخى، تەزكىرە

خىزمىتى كۆرۈنمە چاستوتىلىق يىغىنى ئاچتى. ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ئەزاسى، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن ۋالىيسى جۇ شۈيۈڭ، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ئەزاسى، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى سەي چىمىڭ، ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئادىلغان ئابدىراش، ۋىلايەتلىك سىياسىي كېڭەش خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قالىم دۈيسەنبايلار يىغىنغا قاتناشتى. ئاساسىي يىغىن مەيدانى ۋە شۆبە يىغىن مەيدانلىرىدا ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ بۆلۈم، كومىتېتلىرى، ۋىلايەتكە قاراشلىق كومىتېت، بۆلۈم، ئىشخانا، ئىدارە، خەلق تەشكىلاتلىرى شۇنداقلا كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرى، ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ پارتىيە تارىخى، تەزكىرە خىزمىتىگە مەسئۇل رەھبەرلىرى، تەزكىرە كومىتېتىغا ئەزا ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرى ۋە تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى، ۋىلايەتلىك، ناھىيە (شەھەر) لىك تارىخ-تەزكىرە ئىشخانىلىرىدىكى خىزمەتچىلەردىن بولۇپ 530 دىن ئارتۇق كىشى يىغىنغا قاتناشتى، يىغىنغا سەي چىمىڭ رىياسەتچىلىك قىلدى.

**3-ئاينىڭ 6-كۈنى** ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ ئونسۇ ناھىيەسى توخۇلا يېزىسى داخان كەنتىدە تۇرۇشلۇق خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەر ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ «ئەل رايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش بويىچە تۈنجى قېتىملىق كۆرۈنمە چاستوتىلىق يىغىنغا قاتناشتى، يىغىندا كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەر ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكوم مەسئۇللىرىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدى.

**3-ئاينىڭ 6-كۈنى** ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پارتىيەلىك كادىرلار ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلەر يىغىنى ئېچىپ 3-ئاينىڭ 1-كۈنى كۇنمىڭ ۋوگزالىدا يۈز بەرگەن ئېغىر زوراۋانلىق، تېررورلۇق ۋەقەسىنى قاتتىق ئەيىبلىدى. يىغىنغا ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن مۇدىر ئابدۇللا ئاۋۇت رىياسەتچىلىك قىلدى. يىغىندا ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ، موڭغۇل، شىبە قاتارلىق مىللەتلەردىن بولغان كادىرلار ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلەر بەس-بەستە سۆز قىلدى. ئۇلار سۆزىدە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى ھەققىدىكى بىر قاتار مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، كۇنمىڭ ۋوگزالىدا يۈز بەرگەن «1-مارت» ئېغىر زوراۋانلىق، تېررورلۇق ۋەقەسىنى قاتتىق ئەيىبلىدى.

**3-ئاينىڭ 12-كۈنى** ئونسۇ ناھىيەلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى داخان كەنتىدە تۇرۇشلۇق خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ ھاجەتخانىغا تۇتىشىدىغان يولنى ياساپ بەرگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خىزمەت گۇرۇپپىسىنى زىيارەت قىلدى.

**3-ئاينىڭ 14-كۈنى** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك «ئەل رايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» پائالىيىتى خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى مۇتەللىپ قاسىم داخان كەنتىدە تۇرۇشلۇق خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ خىزمەتلىرىنى تەكشۈردى. ئونسۇ ناھىيەلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى جاۋ لى، توخۇلا يېزىلىق پارتكومنىڭ شۇجىسى ياڭ ئەنلەر تەكشۈرۈشتە بىللە بولدى. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ داخان كەنتىدە تۇرۇشلۇق خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى خۇاڭ جيەنئېن ئۇلارغا خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ كەنتكە كەلگەندىن بۇيانقى خىزمەت ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى. مۇتەللىپ قاسىم قاتارلىقلار داخان كەنتىدە تۇرۇشلۇق خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ خىزمەت، تۇرمۇش شارائىتىنى، خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ بىخەتەرلىك ئۈسكۈنىلىرىنى تەكشۈردى، خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ ھۆججەت، ئۈچۈر، چوڭ ئىشلار خاتىرىسى ۋە خىزمەت خاتىرىسىنى كۆردى.

**3-ئاينىڭ 14-كۈنى** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئاپتونوم رايونلۇق «ئەل رايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» پائالىيىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى گاۋ تيەنشەن قاتارلىق تۆت كىشى داخان كەنتىدە تۇرۇشلۇق خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ خىزمەتلىرىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، سىياسىي-قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ۋىلايەتلىك «ئۈچ ئەل» پائالىيىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى يۈن شۇشيا، ئونسۇ ناھىيەلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ھاكىم بۇرھان مەمەت، ناھىيەلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى جۇ يىڭشەن، توخۇلا يېزىلىق پارتكومنىڭ شۇجىسى ياڭ ئەنلەر تەكشۈرۈشتە بىللە بولدى. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى داخان كەنتىدە تۇرۇشلۇق خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى خۇاڭ جيەنئېن ئۇلارغا خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ كەنتكە كەلگەندىن بۇيانقى خىزمەت ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى. گاۋ تيەنشەن قاتارلىقلار داخان كەنتىدە تۇرۇشلۇق خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ خىزمەت، تۇرمۇش شارائىتى، گۇرۇپپا ئەزالىرىنىڭ بىخەتەرلىك ئۈسكۈنىلىرىنى تەكشۈردى، خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ ھۆججەت، ئۈچۈر، چوڭ ئىشلار خاتىرىسى ۋە خىزمەت خاتىرىسىنى كۆردى. گۇرۇپپا ئەزالىرى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش بويىچە سوئال قەغىزى تولدۇردى.

**3-ئاينىڭ 14-كۈنى** خەلق ئاۋىياتسىيەسى شىنجاڭ ئىدارىسى «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. خەلق ئاۋىياتسىيەسى بابى (1986 ـ 2005)» («قىسقارتىلمىسى») نىڭ ئارگىنالىنى باھالاش يىغىنى ئاچتى، يىغىنغا ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن مۇدىر ليۇ شىڭ قاتارلىقلار قاتناشتى. يىغىنغا خەلق ئاۋىياتسىيەسى شىنجاڭ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جۇ شياڭ رىياسەتچىلىك قىلدى. ئۇ خەلق ئاۋىياتسىيەسى شىنجاڭ ئىدارىسى «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. خەلق ئاۋىياتسىيەسى بابى (1986 ـ 2005)» («قىسقارتىلمىسى») نى تۈزۈش ئەھۋالىنى دوكلات قىلدى.

**3-ئاينىڭ 23 ـ 27-كۈنلىرىچە** ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىر لياۋ يۈنجيەن، پارتگۇرۇپپا ئەزاسى، مۇئاۋىن مۇدىر ليۇ شىڭ، ئابدۇللا ئاۋۇتلار ئاقسۇ ۋىلايىتى ئونسۇ ناھىيەسى توخۇلا يېزىسىنىڭ داخان كەنتى، ئۈستۈنكى قۇرباغ كەنتىدە تۇرۇشلۇق كادىرلارنى يوقلىدى، خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى، كەنت كومىتېتىنىڭ كادىرلىرى، دىنىي زاتلار، «تۆت پېشقەدەم» لەر بىلەن سۆھبەتلەشتى، «ئەل رايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» پائالىيىتىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇش ئەھۋالىنى نەق مەيداندا تەكشۈردى ھەمدە توخۇلا يېزىلىق پارتكوم، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى بىلەن سۆھبەتلەشتى. كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت گۇرۇپپىلىرى ئۆز

خىزمەتلىرىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇش ئەھۋالىنى دوكلات قىلدى. 3-ئاينىڭ 26-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن لياۋ يۈنجيەن قاتارلىقلار داخان كەنتىدە تۇرۇشلۇق خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى بىلەن بىرلىكتە كەنت ئاھالىلىرىنىڭ مەجبۇرىيەت ئەمگىكىگە قاتناشتى. 3-ئاينىڭ 26-كۈنى چۈشتىن كېيىن لياۋ يۈنجيەن قاتارلىقلار ئۇنسۇ ناھىيەسى توخۇلا يېزىلىق پارتكومىنىڭ شۇجىسى ياڭ ئەنىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يېزىلىق پارتكومىنىڭ ئىككى كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت گۇرۇپپىسىغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكى ۋە ئۇلارنى قوللىغانلىقىغا تەشەككۈر ئېيتتى. پارتگۇرۇپپا ئەزالىرى ئۈچ كۈن سىجىل تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندىن كېيىن لياۋ يۈنجيەن ئۆز تەسىراتىنى بايان قىلدى. لياۋ يۈنجيەن قاتارلىقلار تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش جەريانىدا داخان كەنتىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىۋاتقان ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى دۇ ۋەنگۈي، ئۇنسۇ ناھىيەلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى جاۋ لىلار بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. دۇ ۋەنگۈي ئاپتونوم رايوندىن ئاقسۇ ۋىلايىتىگە ئەۋەتىلگەن خىزمەت گۇرۇپپىلىرى ئىچىدە پەقەت ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىلا تۈنجى بولۇپ ئەۋەتكۈچى ئورۇن سۈپىتىدە پارتگۇرۇپپىنىڭ بارلىق ئەزالىرىنى باشلاپ ئاساسىي قاتلامغا چۈشۈپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، سىلەر يەنە كېلىپ يەرلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتنى ئاۋارە قىلمىدىڭلار، سىلەرنىڭ بۇ قىلغىنىڭلار ئۆگىنىشكە ئەرزىيدۇ، دېدى.

3-ئاينىڭ 31-كۈنىدىن 4-ئاينىڭ 1-كۈنىگىچە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ جيەنيۈن قاتارلىقلار كەلپىن، ئاۋات، ئۈچتۇرپان ناھىيەلىرىگە بېرىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ھەمدە بۇ ئۈچ ناھىيەنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن پارتىيە تارىخى ۋە تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى ھەققىدە پىكىر ئالماشتۇردى، ئۇلارنىڭ ئادەم، خىراجەت قاتارلىق قىيىنچىلىقلىرىنى ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلىپ بەردى.

4-ئاينىڭ 10-كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتى ئاپتونوم رايونلۇق 10-نۆۋەتلىك پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەنلەر مۇكاپاتىنى دەسلەپكى باھالاش خىزمىتى يىغىنى ئاچتى. يىغىنغا لياۋ يۈنجيەن رىياسەتچىلىك قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىر، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى لياۋ يۈنجيەن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە تارىخى تەتقىقاتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى سۈن شىنگاڭ، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن مۇدىر، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ليۇ شىڭ، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن مۇدىر ئابدۇللا ئاۋۇت، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە تارىخى تەتقىقاتى ئىشخانىسى ئىلمىي تەتقىقات 1-باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ليۇ شياگخۇي قاتارلىق مۇتەخەسسىسلەر يىغىنغا قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن رەئىس خادىبەك خاقان، ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى مۇكاپات باھالاش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ليۇ جىڭلار يىغىنغا كېلىپ يېتەكچىلىك قىلدى. يىغىندا خادىبەك خاقان سۆز قىلدى ھەمدە دەسلەپكى باھالاش خىزمىتى توغرىسىدا تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. يىغىندا مۇكاپاتقا قاتناشتۇرۇلغان 18 ئەسەر باھالاپ چىقىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە «خوتەن ۋىلايىتى تەزكىرىسى» قاتارلىق 12 ئەسەر دەسلەپكى باھالاشتىن ئۆتتى.

4-ئاينىڭ 22-كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى مەخسۇس يىغىن ئېچىپ، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەنىنىڭ زۇڭلىسى لى كېچياڭنىڭ تەزكىرە خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم تەستىقىي يوليورۇقى ۋە مەملىكەتلىك 5-قېتىملىق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىر لياۋ يۈنجيەن، پارتگۇرۇپپا ئەزاسى، مۇئاۋىن مۇدىر ليۇ شىڭ ۋە ئورگاندىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر يىغىنغا قاتناشتى. يىغىنغا لياۋ يۈنجيەن رىياسەتچىلىك قىلدى. يىغىندا زۇڭلى لى كېچياڭنىڭ مۇھىم تەستىقىي يوليورۇقى بىلەن مۇئاۋىن زۇڭلى ليۇ يەندۇڭنىڭ بىر قىسىم يىغىن ۋەكىللىرىنى قوبۇل قىلغاندا سۆزلىگەن سۆزىنىڭ روھى ئەستايىدىل يەتكۈزۈلدى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ باشلىقى، جۇڭگو تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ ۋېيگۇاڭنىڭ «نەتىجىلەرنى جارى قىلدۇرۇپ، يىراقنى كۆزلەپ، تەزكىرە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا يېڭى سەھىپە ئاچايلى» دېگەن تېمىدا بەرگەن خىزمەت دوكلاتى يەتكۈزۈلدى؛ جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، جۇڭگو تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن باشلىقى لى پېيلىنىنىڭ « «مەملىكەت بويىچە تەزكىرە ئىشلىرى تەرەققىيات لايىھەسى تۈزۈسنى يېزىپ چىقىش توغرىسىدىكى ئىزاھات(2014 ـــ 2020) (لايىھە)» »ى ۋە خۇلاسە سۆزى يەتكۈزۈلدى.

4- ئاي باي ناھىيەلىك تەزكىرە ئىشخانىسى يەرلىك ئىلىم ئەھلى، مىللىي ئۆرپ-ئادەت مۇتەخەسسىسلىرىنى ئالاھىدە تەكلىپ قىلىپ، «باي ناھىيەسى تەزكىرىسىنىڭ داۋامى. خەلق تۇرمۇشى قىسمى» توغرىسىدا مىللىي ئۆرپ-ئادەت، دىيالېكت، ماقال-تەمسىلگە ئالاقىدار ئۇچۇرلارنى توپلىدى. ئۇچۇر توپلاشتا ئاساسلىقى باي ناھىيەسى تەۋەسىدىكى يېزا-بازارلار ئوتتۇرىسىدىكى تەلەپپۇز، ئاتالغۇ جەھەتتىكى بەزى پەرقلەر ۋە ماقال-تەمسىل، دىيالېكت قاتارلىقلارنى توپلاپ خاتىرىلەش مەقسەت قىلىندى.

5-ئاينىڭ 16-كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى ئۈرۈمچىدە ئاپتونوم رايون بويىچە تەزكىرە ئاپپاراتلىرى مۇدىرلىرى يىغىنى ئاچتى. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىر لياۋ يۈنجيەن، پارتگۇرۇپپا ئەزاسى، مۇئاۋىن مۇدىر ليۇ شىڭ، ئابدۇللا ئاۋۇتلار يىغىنغا قاتناشتى. 14 ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك تەزكىرە ئىشخانىلىرىنىڭ مۇدىرلىرى، تەزكىرە بۆلۈملىرىنىڭ باشلىقلىرى، ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېت، ئىشخانا، نازارەت، ئىدارىلەرنىڭ 2 - نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» كەسپىي تەزكىرە ئىشخانىلىرىنىڭ مۇدىرلىرى شۇنداقلا ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ بىر قىسىم ئورگان كادىرلىرى، ئىشچى-خىزمەتچىلىرىدىن 170 تىن ئارتۇق ئادەم يىغىنغا قاتناشتى. لياۋ يۈنجيەن ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەنىنىڭ زۇڭلىسى لى كېچياڭنىڭ تەزكىرە خىزمىتىگە بەرگەن مۇھىم تەستىقىي يوليورۇقى، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەنىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى ليۇ يەندۇڭنىڭ مەملىكەتلىك 5-قېتىملىق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىغا قاتناشقان بىر قىسىم ۋەكىللەرنى قوبۇل قىلغاندا قىلغان مۇھىم سۆزى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى نۇر بەكرىنىڭ مەملىكەتلىك 5-قېتىملىق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش

توغرىسىدىكى مۇھىم تەستىقىي يوليورۇقنى يەتكۈزدى؛ ليۇ شىڭ جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ باشلىقى، جۇڭگو تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ ۋېيگۇاڭنىڭ مەملىكەتلىك 5-قېتىملىق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىدا بەرگەن «نەتىجىلەرنى جارى قىلدۇرۇپ، يىراقنى كۆزلەپ، تەزكىرە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا يېڭى سەھىپە ئاچايلى» دېگەن تېمىدىكى دوكلاتىنى يەتكۈزدى؛ ئابدۇللا ئاۋۇت جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، جۇڭگو تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لى پېيلىننىڭ خۇلاسە سۆزىنى يەتكۈزدى ھەمدە مەملىكەت بويىچە تەزكىرە سىستېمىسىدىكى ئىلغار شەخس ۋە ئىلغار كوللېكتىپلارنى باھالاشقا مۇناسىۋەتلىك خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇردى.

5-ئاينىڭ 19-كۈنى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك تەزكىرە ئىشخانىسى ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە رەھبەرلىرىگە ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى 5-ئاينىڭ 16-كۈنى ئاچقان ئاپتونوم رايون بويىچە تەزكىرە ئاپپاراتلىرى مۇدىرلىرى يىغىنىنىڭ روھىنى دوكلات قىلدى.

5-ئاينىڭ 19-كۈنى جۇڭگو ھازىرقى زامان خەلقئارا مۇناسىۋەت تەتقىقات ئاكادېمىيەسىنىڭ باشلىقى لى شاۋشيەن قاتارلىقلار ئونسۇ ناھىيەسى توخۇلا يېزىسى داخان كەنتىدە تەكشۈرۈشتە بولدى. لى شاۋشەن جۇڭگو ھازىرقى زامان خەلقئارا مۇناسىۋەت تەتقىقات ئاكادېمىيەسىنىڭ تەتقىقاتچىسى، دوكتور يېتەكچىسى، ئوتتۇرا شەرق مەسىلىلىرى مۇتەخەسسىسى. ئۇلار بۇ قېتىمقى سەپىردە ئاساسلىقى ئوتتۇرا شەرق ۋەزىيىتى ۋە شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، دىنىي ئىناقلىقنى چۆرىدەپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

5-ئاينىڭ 20-كۈنى 2-نۆۋەتلىك « شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. تاشقى ئىشلار، مۇھاجىر ئىشلىرى تەزكىرىسى» نىڭ ئارگىنالىنى باھالاش يىغىنى ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىر لياۋ يۈنجيەن، پارتگۇرۇپپا ئەزاسى ، مۇئاۋىن مۇدىر ليۇ شىڭ ۋە شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى ئىشخانىسىنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى، ئاپتونوم رايونلۇق تاشقى ئىشلار(مۇھاجىرلار) ئىشخانىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى ۋۇ شۇشيەن، مۇدىرى مۇزەپپەر مىجىت، پارتگۇرۇپپىسىنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرى ۋە تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ مۇھەررىرلىرى، قەلەم تەۋرەتكۈچىلەردىن بولۇپ 27 ئادەم يىغىنغا قاتناشتى.

5-ئاينىڭ 23- كۈنى بورتالا ئوبلاستلىق تەزكىرە ئىشخانىسى بارلىق كادىر، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى بورتالا ئوبلاستلىق مۇزېيغا بېرىپ «شىنجاڭنىڭ ئۈچ تارىخى»، «شىنجاڭدىكى قەدىمىي مىللىي كىيىم-كېچەكلەر» سۈرەت كۆرگەزمىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا تەشكىللىدى.

5-ئاينىڭ 26-كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىساد-ئۇچۇرلاشتۇرۇش كومىتېتى «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى»(قىسقارتىلمىسى) نىڭ يېنىك سانائەت قىسمىنىڭ ئارگىنالىنى باھالاش يىغىنى ئاچتى. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىر لياۋ يۈنجيەن، پارتگۇرۇپپا ئەزاسى، مۇئاۋىن مۇدىر ليۇ شىڭ، ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىساد-ئۇچۇرلاشتۇرۇش كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، باش كاتىپ خې شياۋجياڭ بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق يېنىك سانائەت كەسپىي ئىشخانىسى، ماشىنىسازلىق، ئېلېكتىر كەسپىي ئىشخانىسى، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى كەسپىي ئىشخانىسى، توقۇمىچىلىق كەسپىي ئىشخانىسى، ئىقتىساد-ئۇچۇرلاشتۇرۇش كومىتېتى تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ خادىملىرى بولۇپ 18 ئادەم يىغىنغا قاتناشتى، خې شياۋجياڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى. لياۋ يۈنجيەن ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىساد-ئۇچۇرلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ تەزكىرە خىزمىتىگە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردى ھەمدە تەزكىرە ئارگىنالىنىڭ يېزىلىش ئەھۋالىغا قارىتا سىياسىي قاراش، مۇندەرىجىنىڭ تۈزۈلۈشى، ماتېرىيال مەزمۇنى، ھۆججەت-ئالاقە ژانىرى، مەخپىيەتلىكنى ساقلاش قاتارلىق بەش جەھەتتىن باھالاپ تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ليۇ شىڭ ئارگىنال باھالاش گۇرۇپپىسىغا ۋاكالىتەن باھالاش پىكرىنى ئوقۇپ ئۆتتى ھەمدە «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى . يېنىك سانائەت قىسمى»(قىسقارتىلمىسى)نىڭ ئارگىنالىنىڭ باھالاشتىن ئۆتكەنلىكىنى جاكارلىدى.

5-ئاي 2014-يىلى گوۋۇيۈەن «تەزكىرە خىزمىتى نىزامى»نى ئېلان قىلىپ يولغا قويغانلىقىنىڭ 8 يىللىقى (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «نىزام» دەپ ئېلىندى)، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹تەزكىرە خىزمىتى نىزامى› نى يولغا قويۇش چارىسى» (قىسقارتىلىپ «چارە» دەپ ئېلىندى) ئېلان قىلىپ يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ بەش يىللىقى. ئالتاي ۋىلايەتلىك تەزكىرە ئىشخانىسى بىر تۈتاش ئورۇنلاشتۇرۇپ، خىلمۇ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، مول مەزمۇنلۇق تەشۋىقات، ئۆگىنىش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، جامائەت پىكرى توپلىدى.

5-ئاي ساۋەن ناھىيەسىنى «يىپەك يولى ئىقتىسادىي بەلبېغىدىكى ئارامگاھ» قىلىپ قۇرۇپ چىقىشتەك ئۇلۇغۋار نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئۇلانئۇسىنىڭ قەدىمىي يىپەك يولىدىكى مۇھىم ئۆتەڭ بولۇشتەك گۈللەنگەن مەنزىرىسىنى قايتا نامايان قىلىش، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تەڭ ئەھمىيەت بېرىش ئۈچۈن، ساۋەن ناھىيەلىك تەزكىرە ئىشخانىسى فۇنكسىيەسىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، يەرلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەش ئارقىلىق، «تارىخىي مىللىي ئۆرپ-ئادەت مۇزېيى قۇرۇش لايىھەسى»نى ئوتتۇرىغا قويدى. نۆۋەتتە، مۇزېينى پىلانلاش ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاندى، بۇ قۇرۇلۇشنىڭ كۆلىمى 370 كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئىككى قەۋەتلىك قىلىپ لايىھەلەندى، كۆرگەزمە زالى يېزا ئىگىلىك مەدەنىيەت زالى، شەھەر-بازارلار قۇرۇلۇشى زالى ۋە تارىخىي مىللىي ئۆرپ-ئادەت زالىدىن ئىبارەت ئۈچ كۆرگەزمە زالىغا ئايرىلدى.

6-ئاينىڭ 6-كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىر لياۋ يۈنجيەن، پارتگۇرۇپپا ئەزاسى، مۇئاۋىن مۇدىر ليۇ شىڭ قاتارلىق بەش كىشى سودا نازارىتىگە بېرىپ تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. سودا نازارىتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، نازىر خې يىمىڭ ئۇلارنى قوبۇل قىلدى. سودا نازارىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى (تەزكىرە تۈزۈشكە مەسئۇل) زېڭ سوخۇەي تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى دوكلات قىلدى.

6-ئاينىڭ 19-كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 8-نۆۋەتلىك پارتكوم 7-ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى شىنجاڭ خەلق سارىيىدا ئېچىلدى، ئاپتونوم رايون تۆۋەنگە ئەۋەتكەن خىزمەت گۇرۇپپىلىرىنىڭ باشلىقلىرى يىغىنغا قاتناشتى. چۈشتىن كېيىن ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى جاڭ چۈنشيەن 17-گۇرۇپپىنىڭ مۇزاكىرىسىگە قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن كۆزەتكۈچىسى، كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى خۇاڭ جيەنئەن دوكلاتنى ئۆتكەنگەندىن كېيىنكى

تەسرانىنى سۆزلەپ ئۆتتى ھەمدە خىزمەتلەرنى قىسقىچە دوكلات قىلدى. جاڭ چۈنشيەن گەپ قىستۇرۇپ ناھايىتى قىزىققان ھالدا: «ئاڭلىشىمچە لياۋ يۈنجيەن كەنتكە بېرىپتۇ؟» دەپ سورىدى. خۇاڭ جيەنئەن پارتگورۇپپا شۇجىسى لياۋ يۈنجيەننىڭ خىزمەت گورۇپپىسىدىن بۇرۇن كەنتكە بارغانلىقىنى، ئاندىن پارتگورۇپپا ئەزالىرىنى باشلاپ ئىككى كەنتكە يەنە بارغانلىقىنى، خىزمەت گورۇپپىسىدىكىلەر بىلەن بىللە ئۈچ يىللىق خىزمەت پىلانىنى تۈزگەنلىكىنى، خەلق تۇرمۇشىغا ئائىت تۈرلەرنى ماسلاشتۇرغانلىقىنى، تۈرلەر ئورۇنلاشتۇرۇلغان نەق مەيدانىنى تەكشۈرگەنلىكىنى، دېھقانچىلىق ئەمگىكىگە قاتناشقانلىقىنى، يېزىلىق پارتكومدىكىلەر بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزگەنلىكىنى، ئۇنىڭدىن باشقا يىغىندىن كېيىن ئۆزى بىۋاستە كەنتتە تۇرۇپ، مەركەزنىڭ 2-قېتىملىق شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ۋە پارتكومنىڭ 7-ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن يىغىنى) نىڭ روھىنى تەشۋىق قىلماقچى بولغانلىقىنى دوكلات قىلدى. جاڭ چۈنشيەن بۇنىڭدىن خۇرسەن بولدى. ئۇ: «ياخشى، تەزكىرە كومىتېتى پارتگورۇپپىسى ئوبدان قىپتۇ. تەزكىرىدىكىلەر ياخشى ئىشلەپتۇ!» دېدى. جاڭ چۈنشيەن شۇجى ھەر دەرىجىلىك خىزمەت گورۇپپىلىرىغا يېڭى، كونكرېت تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى، كۆپچىلىكنىڭ «ئۈچ ئەل» پائالىيىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈستىدە ئورتاق ئىزدىنىشىنى ئۈمىد قىلدى. جاڭ چۈنشيەن شۇجى ھەر دەرىجىلىك خىزمەت گورۇپپىلىرىنى ماختىدى، ئۇ: «ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم خىزمەت گورۇپپىلىرىنىڭ ئۈنۈملۈك خىزمەت ئىشلىگەنلىكىدىن مەمنۇن بولدۇ، ئۇنىڭغا يۇقىرى باھا بېرىدۇ، كۆپچىلىكنىڭ جاپا-مۇشەققەتتىن، خەتەردىن قورقماي خىزمەت قىلىش روھىغا ئېھتىرام بىلدۈرىدۇ». ئاخىرىدا جاڭ چۈنشيەن شۇجى كۆپچىلىك بىلەن بىرمۇ بىر قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

6-ئاينىڭ 25-كۈنى «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى (1986—2005-يىللىغىچە)» پۇل مۇئامىلە قىسمىنىڭ بانكا بابىنىڭ ئارگىنالىنى باھالاش يىغىنى خەلق بانكىسى ئۈرۈمچى مەركىزىي تارماق بانكىسىدا ئېچىلدى، خەلق بانكىسى ئۈرۈمچى مەركىزىي تارماق بانكىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لى شۆۋۋ، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پارتگورۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن مۇدىر ليۇ شىڭ قاتارلىقلار، خەلق بانكىسى شىنجاڭ تارماق بانكىسى، ئالاقىدار سودا بانكىلىرىنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى ۋە بانكا تەزكىرىسى تەھرىر بۆلۈمىنىڭ خادىملىرى يىغىنغا قاتناشتى.

6-ئاينىڭ 25 — 28-كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىر لياۋ يۈنجيەن قاتارلىقلار ئونسۇ ناھىيەسى توخۇلا يېزىسىنىڭ داخان، ئۈستۈنكى قۇرباغ كەنتلىرىدە تۇرۇپ خىزمەتلەرنى تەكشۈردى ۋە يېتەكچىلىك قىلدى، ئۇ، خىزمەت گورۇپپىسى ئەزالىرىغا مەركەز، ئاپتونوم رايوننىڭ يېقىنقى مەزگىلدىكى شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى يوليورۇقلىرىنىڭ روھىنى ئەڭ ئاۋۋال يەتكۈزدى. كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت گورۇپپىسىدىكىلەر بىلەن ياتاق، تاماق، ئەمگەك، ئۆگىنىشتە بىللە بولدى، كەنت پارتىيە ياچېيكىسى، كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ قۇرۇلۇشى، خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇش ئەھۋالى ۋە كەنت ئەزالىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئەھۋالى، خەلق تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك تۈرلەرنىڭ قۇرۇلۇش ئەھۋالى ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، دىنىي ئىناقلىق قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەھۋاللارنى ئىگىلىدى، كەنت كومىتېتى رەھبەرلىك بەنزىسى ۋە خىزمەت گورۇپپىسىدىكىلەرنىڭ خىزمەتكە پىكىر، تەكلىپلەرنى بەردى.

6-ئاينىڭ 26-كۈنى «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» (قىسقارتىلمىسى) ئارخىپ خىزمىتى قىسمىنىڭ ئارگىنالىنى باھالاش يىغىنى ئاپتونوم رايونلۇق ئارخىپ ئىدارىسىدا ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پارتگورۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن مۇدىر ليۇ شىڭ قاتارلىقلار ۋە ئالاقىدار نازارەت، ئىدارىلەردىكى مۇتەخەسسىسلەر، ئاپتونوم رايونلۇق ئارخىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋۇ جىچياڭ قاتارلىقلار ئارگىنال باھالاش يىغىنىغا قاتناشتى.

6-ئاينىڭ 28-كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىر لياۋ يۈنجيەن ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ 4 سائەتتە 100 نەچچە كىلومېتىر يول يۈرۈپ داخان كەنتىنىڭ چارۋا بېقىش نۇقتىسىدىكى چارۋىچىلاردىن يېڭى كۆكتات، مېۋە-چېۋە، نان قاتارلىق تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى ئېلىپ بېرىپ ھال سورىدى. چارۋىچىلاردىن ئۆزلىرىنىڭ ۋە كەنت ئاھالىلىرى ھاۋالە قىلغان چارۋىلارنى ئوبدان بېقىشنى ئۈمىد قىلدى، چارۋىچىلارنىڭ كوللېكتىپ ئىقتىسادىنى روناق تاپقۇزۇش ئۈچۈن قوشقان تۆھپىسىگە رەھمەت ئېيتتى.

6-ئاينىڭ 29-، 30-كۈنلىرى ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىر لياۋ يۈنجيەن قەشقەر ۋىلايىتى يېڭىشەھەر ناھىيەسىنىڭ مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزۈلىدىغان نۇقتىلىق يېزىسىدا تۇرۇشلۇق خىزمەت گورۇپپىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەن تەزكىرە كومىتېتى پارتگورۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن مۇدىر ئابدۇللا ئاۋۇتنى خىزمەت ئورنىغا ئاپىرىپ قويدى ۋە قەشقەر ۋىلايىتىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. 29-كۈنى چۈشتە، لياۋ يۈنجيەن قاتارلىقلار قەشقەر شەھىرىگە بارغاندا، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جەرۇللا ھېسامىدىننىڭ قەشقەر ۋىلايىتىدە ئالاقىدار خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ئەزاسى، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى جاڭ جېگرۇڭ، ۋىلايەتلىك تارىخ-تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ساۋ خۇينىڭ ھەمراھلىقىدا مۇئاۋىن رەئىس جەرۇللا ھېسامىدىننى يوقلىدى. جەرۇللا ھېسامىدىن ئالدى بىلەن تەزكىرە كومىتېتى پارتگورۇپپىسىنىڭ قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيەسىنىڭ مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزۈلىدىغان نۇقتىلىق يېزىسى ھاراپ يېزىسىدا تۇرۇشلۇق خىزمەت گورۇپپىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەن يولداش ئابدۇللا ئاۋۇتنى شۇنچە يىراقتىن ئالاھىدە ئۇزىتىپ كەلگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتتى ھەمدە مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەش خىزمەت گورۇپپىسىغا قارىتا تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. لياۋ يۈنجيەن مۇئاۋىن رەئىس جەرۇللانىڭ قىممەتلىك ۋاقتىنى ئاجرىتىپ ئۆزلىرىنى كۈتۈۋالغانلىقىغا رەھمەت ئېيتتى، شۇنداقلا مۇئاۋىن رەئىس ئوتتۇرىغا قويغان بەش تۈرلۈك تەلەپ يالغۇز مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەش خىزمىتىگىلا ئۇيغۇن كېلىپ قالماستىن، يەنە «ئۈچ ئەل» خىزمىتىدىمۇ ناھايىتى مۇھىم يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ قارىدى. لياۋ يۈنجيەن مۇئاۋىن رەئىس جەرۇللا ھېسامىدىنغا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى تاپشۇرغان خىزمەت ۋەزىپىسىنى چوقۇم ياخشى ئورۇندايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. 29-كۈنى چۈشتىن كېيىن، لياۋ يۈنجيەن قەشقەر ۋىلايەتلىك تارىخ-تەزكىرە ئىشخانىسىدا تەكشۈرۈشتە بولدى، تارىخ-تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ساۋ خۇي لياۋ يۈنجيەنگە يېقىنقى مەزگىلدىكى خىزمەتلەرنى دوكلات قىلدى.

6-ئاينىڭ 30-كۈنىدىن 7-ئاينىڭ 4-كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكىنى پىلانلاش تەتقىقات يۇرتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى چيۇ

جۇ قاتارلىقلار «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. يېزا ئىگىلىك تەزكىرىسى»نى تۈزۈشنى ئۈستىگە ئالغان 30 ئورۇننىڭ خىزمەت ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ھەمدە تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ باھالىدى. تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولۇشىچە، تەزكىرە تۈزۈش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرى 2-نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىگە ئومۇميۈزلۈك ئەھمىيەت بەرگەن، 2014-يىلى 1-ئايدا ئۇيۇشتۇرۇلغان كۆرسىتىش بويان، بۇ ئورۇنلار ۋاقتىدا يىغىن ئېچىپ، تەزكىرە تۈزۈش پىلانى تۈزۈپ، ماقالە يازغۇچىلارنى تەشكىللەپ، ۋەزىپە تەقسىملەپ، مەسئۇلىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈرگەن، ماتېرىيال توپلاپ، ماتېرىيال كارتىسى تۈزۈش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. 6-ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، 3000 دىن ئارتۇق كارتا تولدۇرۇپ، 300 نەچچە مىڭ خەتلىك دەسلەپكى ئارگىنالنى تەييارلاپ بولغان.

**7-ئاينىڭ 1 ـ 3-كۈنىگىچە** ئاپتونوم رايونلۇق سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى تەزكىرە تۈزۈش كەسپىي بويىچە ماقالە يازغۇچىلار تەربىيەلەش كۇرسى ئۇيۇشتۇرۇپ، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تەزكىرىسى (1986 ـ 2013)» ماقالە يازغۇچىلىرىنىڭ تەزكىرە كەسپىي سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى سان، سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلغان ئاساستا ئورۇندىدى. بۇ ئىدارە ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى ئومۇمىي تەزكىرە باشقارمىسىدىكى ئالىي مۇھەررىرلەرنى كۇرستا دەرس ئۆتۈشكە تەكلىپ قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى ئورگىنىدىكى باشقارما-بۆلۈم، ئىلمىي جەمئىيەت (ئۇيۇشما)، بىۋاسىتە قاراشلىق تارماق ئىدارىلەر، سودا-سانائەت كادىرلىرى مەكتىپى ۋە ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىلىرىدىن 52 ماقالە يازغۇچى كۇرسقا قاتناشتى.

**7-ئاينىڭ 6-كۈنى** كەلپىن ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتى كەلپىن ناھىيەلىك تەزكىرە ئىشخانىسى ئىلتىماس قىلغان 13-بەش يىللىق پىلان تۈرلىرىنى تەتقىق قىلىپ باھالىدى، ناھىيەلىك تەزكىرە سارىيى ۋە پارتىيە تارىخى سارىيى تۈرى ئوگۇشلۇق ھالدا رەھبەرلەر ۋە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتۈپ يۇقىرىغا يوللىنىدىغان تۈرلەر دائىرىسىگە كىرگۈزۈلدى.

**7-ئاينىڭ 16-كۈنى** ئاپتونوم رايونلۇق دۆلەت مۈلكىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش كومىتېتى پارتكومىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن مۇدىر، ئاپتونوم رايونلۇق تەربىيە-ئەمەلىيەت ئىشخانىسى 2-يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى دۇ بېيۋېي باشچىلىقىدىكى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسى ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى خىزمەت گۇرۇپپىسى تۈرۈشلۇق داخان كەنتىدە خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ۋە خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلدى، خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىدى، تۇرمۇش ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، خىزمەتنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى.

**7-ئاينىڭ 18-كۈنى** «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى»نى تۈزۈش خىزمىتى بويىچە نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى»دىكى كەسپىي تەزكىرىلەرنى تۈزۈش، مۇندەرىجە تۈزۈش، شەخسلەرنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالىنى يېزىش، تەزكىرىنىڭ رېئاللىق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلدۇرۇش، ئورگاندىكى تەزكىرە تۈزۈش قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش قاتارلىق تېمىلارنى چۆرىدەپ مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پارتگورۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن مۇدىر ليۇ شىڭ يىغىنغا قاتناشتى ۋە سۆز قىلدى. «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى»نى تۈزۈشنى ئۈستىگە ئالغان 14 ئورۇندىن 15 تەزكىرە خادىمى يىغىنغا قاتناشتى.

**7-ئاينىڭ 30-كۈنىدىن 8-ئاينىڭ 1-كۈنىگىچە** «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى»نى تۈزۈش كەسپىي كۇرسى ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىدە ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىر لياۋ يۈنجيەن، پارتگورۇپپا ئەزاسى، مۇئاۋىن مۇدىر ليۇ شىڭ يىغىنغا قاتناشتى ھەمدە دەرس ئۆتتى، «ئومۇمىي تەزكىرە»نى تۈزۈشنى ئۈستىگە ئالغان 83 ئىدارىدىن 107 ئادەم كۇرسقا قاتناشتى.

**8-ئاينىڭ 4-كۈنى** ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى كادىرلار يىغىنى ئاچتى. يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىر لياۋ يۈنجيەن ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى جاڭ چۈنشيەننىڭ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ دائىمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدا سۆزلىگەن مۇھىم سۆزىنى يەتكۈزدى، پارتگورۇپپا ئەزاسى، مۇئاۋىن مۇدىر ليۇ شىڭ يەكەندە يۈز بەرگەن «28-ئىيۇل» ئېغىر زوراۋانلىق-تېررورلۇق دېلوسىغا مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلدى. 8-ئاينىڭ 6-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى كادىرلار يىغىنى ئاچتى، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىر لياۋ يۈنجيەن ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى جاڭ چۈنشيەن، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى نۇر بەكرىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق مۇئاۋىن ئۆلكە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلار يىغىنىدا سۆزلىگەن مۇھىم سۆزىنى يەتكۈزدى ھەمدە ئاپتونوم رايوننىڭ تەزكىرە سىستېمىسىدا نۆۋەتتىكى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ باردى.

**8-ئاينىڭ 5 ـ 8-كۈنىگىچە** خۇبېي ئۆلكىلىك تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى چېن جاڭخۇا بورتالا ئوبلاستىدا تەكشۈرۈشتە بولدى، بورتالا ئوبلاستلىق ۋە بورتالا شەھەرلىك تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن سۆھبەتلەشتى، پىكىر ئالماشتۇردى ھەمدە 2-نۆۋەتلىك «بورتالا شەھىرى تەزكىرىسى»نىڭ ئارگىنالىغا كەسپىي جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلدى. بورتالا ئوبلاستلىق تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ساۋ ئەيجۈن، بورتالا شەھەرلىك تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ياڭ جىفاڭ بورتالا ئوبلاستى بىلەن بورتالا شەھىرىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى ۋە تەزكىرە خىزمىتىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى. چېن جاڭخۇا خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى ھەمدە 2-نۆۋەتلىك «بورتالا شەھىرى تەزكىرىسى»نىڭ مۇندەرىجىسىنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدا كونكرېت پىكىر ۋە تەكلىپ بەردى.

**8-ئاينىڭ 26-كۈنى** دېھقانچىلىق نازارىتى «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. دېھقانچىلىق تەزكىرىسى» توغرىسىدا كەسپىي سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. دېھقانچىلىق تەزكىرىسى»نىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى، تۈزۈش كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، دېھقانچىلىق پىلان تەتقىقات يۇرتىنىڭ باشلىقى ما شۈەن، نازارەتكە قاراشلىق تۈزۈشنى ئۈستىگە ئالغان ئورۇنلاردىكى ماقالە يازغۇچىلار ۋە

تۈزۈش كومىتېتى ئىشخانىسىدىكى بارلىق خادىملار سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى.

9 - ئاينىڭ 10 ــ 13 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى 2 - نۆۋەتلىك ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە تەزكىرىلىرى ۋە يىلنامە باش مۇھەررىرلىرى كۇرسى ئاچتى. ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، ناھىيەلىك تەزكىرە ئىشخانىلىرى ۋە بىر قىسىم تەزكىرە كىتابلىرىنى تۈزۈشنى ئۈستىگە ئالغان ئورۇنلاردىن 180 نەپەرچە باش مۇھەررىر كۇرسقا قاتناشتى، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىر لياۋ يۈنجيەن، پارتگۇرۇپپا ئەزاسى، مۇئاۋىن مۇدىر ليۇ شىڭ كۇرسنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى ۋە دەرس ئۆتتى. كۇرسقا ئەنخۇي ئۆلكىلىك تەزكىرە ئىشخانىسى ئۆلكە تەزكىرىسىنى تۈزۈش باشقارمىسىنىڭ سابىق باشلىقى ۋاڭ خۇي قاتارلىقلار تەزكىرە تۈزۈش ئاساسىي نەزەرىيەسى ۋە ئاساسىي ئۇسۇللىرى توغرىسىدا دەرس سۆزلەپ بېرىشكە ئالاھىدە تەكلىپ قىلىندى.

9 - ئاينىڭ 15 - ، 16 - كۈنلىرى تارباغاتاي ۋىلايىتى 2 - نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش كەسپى بويىچە تەربىيەلەش يىغىنى ئاچتى. ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ئەزاسى، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى سەي چىمىڭ يىغىنغا قاتناشتى، ئۇ يىغىندا مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: تەزكىرە خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك: نىشاننى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش لازىم؛ تەلەپنى قاتتىق قويۇپ، تەربىيەلەشنى تۇتۇپ، باش مۇھەررىرلەرنىڭ كەسپىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈش لازىم؛ رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، 2 - نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى پۇختا ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

9 - ئاينىڭ 15 - ، 16 - كۈنلىرى ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىر لياۋ يۈنجيەن، پارتگۇرۇپپا ئەزاسى، مۇئاۋىن مۇدىر ليۇ شىڭ، ئەنخۇي ئۆلكىلىك تەزكىرە كومىتېتىنىڭ تەزكىرە مۇتەخەسسىسى ۋاڭ خۇي قاتارلىقلار تارباغاتاي ۋىلايىتىگە بېرىپ 2 - نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلدى ھەمدە تەزكىرىچىلەرنى «تەزكىرە تۈزۈشنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسى»، «2 - نۆۋەتلىك تەزكىرىلەرنىڭ ئاساسىي تەلىپى»، «تەزكىرە تۈزۈشنىڭ ئاساسىي نەزەرىيەسى ۋە ئۇسۇلى»، «تەزكىرە ماتېرىيالى توپلاش» جەھەتتىن تەربىيەلىدى ۋە يېتەكلىدى.

9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق «ئەل رايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» پائالىيىتى 8 - ھەيدەكچىلىك - يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى ئۈستۈنكى قورباغ كەنتىگە بېرىپ كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ خىزمەتلىرىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. بۇ گۇرۇپپا كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ خىزمەت، تۇرمۇش شارائىتىنى تەكشۈردى، خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەزالىرىنىڭ خىزمەت ئەھۋالى ۋە يېرىم يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيانقى خىزمەت ئۈچۈرى، خىزمەت پىلانى ۋە خىزمەت خۇلاسىسى قاتارلىق يازما ماتېرىياللىرىنى تەكشۈردى. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ ئۈستۈنكى قورباغ كەنتىدە تۇرۇشلۇق خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جاۋ شى خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ يېقىنقى مەزگىلدىكى تۆرلۈك خىزمەتلىرىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇش ئەھۋالى ۋە خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ «ئەل رايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» پائالىيىتى بويىچە ئېلىپ بېرىلغان ئالتە تۈرلۈك ئاساسىي ۋەزىپىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى دوكلات قىلدى.

9 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى 2 - نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خادىملىرى كەسپىي كۇرسى ئاچتى، مەزكۇر ئىدارىدىكى بىر قىسىم رەھبەرلەر، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى . يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەزكىرىسى» كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى، باشقارما (ئىشخانا، پونكىت)لاردىكى تەزكىرىچىلەر كۇرسقا قاتناشتى. كۇرسقا ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى ئومۇمىي تەزكىرە خىزمىتى باشقارمىسىدىكى يولداشلار دەرس ئۆتۈشكە تەكلىپ قىلىندى، ئاساسلىقى كەسپىي تەزكىرىلەرنى تۈزۈش ئاساسىي بىلىملىرى، تەزكىرە كىتابلىرىنى يېزىش ئۇسۇلى ۋە تەزكىرە تۈزۈشتە ساقلانغان مەسىلىلەر، تەزكىرە ماتېرىياللىرىنى توپلاش، رەتلەش، پايدىلىنىش ۋە تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ ئومۇمىي لايىھەسى قاتارلىق مەزمۇنلار چۆرىدىلىپ دەرس ئۆتۈلدى.

10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئاپتونوم رايونلۇق «ئەل رايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» پائالىيىتى 8 - ھەيدەكچىلىك - يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى مۇتەللىپ قاسىمنىڭ ھاۋالىسى بىلەن، مەزكۇر گۇرۇپپىنىڭ ئەزاسى جىن جياشى، سۇن جىن ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ داخان كەنتىدە تۇرۇشلۇق خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ خىزمەتلىرىنى تەكشۈردى. داخان كەنتىدە تۇرۇشلۇق خىزمەت گۇرۇپپىسى «ئەل رايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى، يېقىنقى مەزگىللىك خىزمەتلەرنىڭ يارقىن نۇقتىسىنى ۋە كېيىنكى قەدەمدىكى خىزمەت پىلانىنى تونۇشتۇردى.

10 - ئاينىڭ 22 - كۈنى كورلا جايلار ئەھۋالى سارىيى ئېچىلدى. سارايدا رەسىم، يېزىق، كۆرگەزمە ئېكران، پىروپېكسىيە قاتارلىق ۋاستىلەر ئارقىلىق كورلا شەھىرىنىڭ يەر قىياپىتى، تارىخىي تەرەققىيات جەريانى ئەينەن نامايان قىلىنغان، كورلا شەھىرىدىكى ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ تۇرالغۇ، قاتناش، داۋالىنىش، مائارىپ، مەدەنىيەت، تۇرمۇش شارائىتى جەھەتتە يۈز بەرگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەر ھەقىقىي خاتىرىلەنگەن.

10 - ئاينىڭ 30 - ، 31 - كۈنلىرى «كۇچا ناھىيەسى تەزكىرىسى» (1991 ــ 2010) نىڭ ئارگىنالىنى باھالاش يىغىنى ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىر لياۋ يۈنجيەن، پارتگۇرۇپپا ئەزاسى، مۇئاۋىن مۇدىر ليۇ شىڭ، مۇئاۋىن كۆزەتكۈچى، ۋىلايەت - ناھىيە تەزكىرىسى خىزمىتى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى خۇاڭ جيەنئەن ۋە بىر قىسىم ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىن كەلگەن 50تىن ئارتۇق تەزكىرىچى ئارگىنال باھالاش يىغىنىغا قاتناشتى. ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ جيەنيۇن ئارگىنال باھالاش يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى. كۇچا ناھىيەلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى، ھاكىم ھەسەنجان ئەخمەت كۇچا ناھىيەلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن قارشى ئېلىش نۇتقى سۆزلىدى. كۇچا ناھىيەلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى جۇ يۈڭگاڭ كۇچا ناھىيەسىنىڭ 2 - نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى، ئاساسلىق ئۇسۇللىرىنى ۋە ساقلانغان يېتەرسىزلىكلەرنى تونۇشتۇردى. لياۋ يۈنجيەن «كۇچا ناھىيەسى تەزكىرىسى» (1991 ــ 2010) نىڭ ئارگىنالىغا يۈكسەك باھا بەردى. ليۇ شىڭ «كۇچا ناھىيەسى تەزكىرىسى»

ئارگىنالى (1991 ــ 2010)نىڭ مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ باھالىشىدىن ئۆتكەنلىكىنى ئېلان قىلدى.

11-ئاينىڭ 6-كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 10-نۆۋەتلىك پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەنلەر بويىچە مۇكاپات تارقىتىش يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ تەزكىرە سىستېمىسى بويىچە يەتتە تۈرلۈك نەتىجە مۇكاپاتلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە «شىنجاڭ يىلنامىسى» (2012-يىللىق تومى) 2-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، خوتەن ۋىلايىتى تەزكىرىسى (1-، 2-قىسىملىرى) 2-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «قومۇل قوغۇنى تەزكىرىسى»، «ج ك پ تولى ناھىيەسىنىڭ قىسقىچە تارىخى (ئەسەر)» 3-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «قاراماي شەھىرى مايتاغ رايونى يىلنامىسى» (2012-يىللىق تومى)، «كۈسەن تارىخىي ماتېرىياللىرى تەرمىلىرى» (ئەسەر)، «سومروغ شەھىرىدىكى مىللىي ئۆرپ-ئادەت» (مەخسۇس ئەسەر) مۇنەۋۋەر مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

11-ئاينىڭ 1 ــ 3-كۈنىگىچە «ئونسۇ ناھىيەسى تەزكىرىسى» (1991 ــ 2010)نىڭ ئارگىنالىنى باھالاش يىغىنى ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىر لياۋ يۇنجيەن، پارتگۇرۇپپا ئەزاسى، مۇئاۋىن مۇدىر ليۇ شىڭ، مۇئاۋىن كۆزەتكۈچى، ۋىلايەت-ناھىيە تەزكىرىسى خىزمىتى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى خۇاڭ جيەنئەن قاتارلىق ھەمدە بىر قىسىم ۋىلايەت-ئوبلاستلارنىڭ تەزكىرىچىلىرىدىن بولۇپ 45 ئادەم يىغىنغا قاتناشتى. ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ جيەنيۇن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى. لياۋ يۇنجيەن «ئونسۇ ناھىيەسى تەزكىرىسى» (1991 ــ 2010)نى تۈزۈش خىزمىتى ۋە ئارگىنالنىڭ سۈپىتىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى، ليۇ شىڭ «ئونسۇ ناھىيەسى تەزكىرىسى» (1991 ــ 2010) ئارگىنالىنىڭ باھالاشتىن ئۆتكەنلىكىنى ئېلان قىلدى.

11-ئاينىڭ 3-، 4-كۈنلىرى ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىر لياۋ يۇنجيەن، پارتگۇرۇپپا ئەزاسى، مۇئاۋىن مۇدىر ليۇ شىڭ قاتارلىقلار ئونسۇ ناھىيەسى توخۇلا يېزىسىنىڭ داخان، ئۇستۈنكى قۇرباغ كەنتلىرىگە بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، كەنتتىكى خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ «ئەل رايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش مەزگىلىدە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت گۇرۇپپىسى، كەنتتىكى ئىككى كومىتېت بەنزە ئەزالىرى ۋە كەنت ئاھالىسى ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى، كەنت كادىرلىرى بىلەن كەنت ئاھالىلىرىنىڭ خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ كۈندىلىك خىزمەتلىرى، ياردەم بېرىش تۈرلىرى توغرىسىدىكى پىكىرلىرى ۋە 2- تۈركۈمدىكى «ئەل رايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت گۇرۇپپىسىدىن كۈتىدىغان ئۈمىدى ۋە تەلەپلىرىنى ئاڭلىدى، خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ ئۆز خىزمەتلىرىگە بولغان پىكىر تەكلىپلىرىنى ئاڭلىدى. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسىدىكىلەر يەنە ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەر ۋە پېشقەدەم پارتىيە ئەزالىرىدىن ھال سورىدى، كەنتنىڭ ئەمىن ئۆي قورۇلۇشى ۋە توخۇلا يېزىسىنىڭ 10 مىڭ مولۇق ياغاچلىقىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى.

12-ئاينىڭ 24-كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق «ئەل رايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» 8-ھەيدەكچىلىك-يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىدىكىلەر داخان كەنتىدە خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلدى ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. گۇرۇپپا ئەزالىرى سۆھبەت يىغىنى ئېچىش، نەق مەيداندا تەكشۈرۈش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ شۇ كەنتنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ قانات يايدۇرغان ئالاھىدە خىزمەتلىرى ۋە تىپىك ئۇسۇللىرىنى تەپسىلىي ئىگىلىدى. ھەيدەكچىلىك-يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىدىكىلەر داخان كەنتىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، كېيىنكى باسقۇچلۇق خىزمەتلەر ھەققىدە مۇنداق ئۈچ تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى: بىرىنچى، كەنتتە تۇرۇۋاتقانلار خىزمەت ئىنتىزامىغا قاتتىق بويسۇنۇش كېرەك. ئىككىنچى، «ئۈچنى بىر گەۋدە قىلىش» خىزمەت مېخانىزمىنىڭ رولىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ، جامائەت پىكرىگە ئېتىبار بېرىپ، خىزمەتلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، «ئەل رايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» پائالىيىتىنىڭ تۈرلۈك ۋەزىپىلىرىنى قىلچە بوشاشماي ئورۇنداش كېرەك. ئۈچىنچى، خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەر ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىكىگە قاتتىق ئەھمىيەت بېرىپ، بىخەتەرلىك ئېڭىنى كۈچەيتىش كېرەك.

12-ئاينىڭ 24-كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق «ئەل رايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» 8-ھەيدەكچىلىك-نازارەتچىلىك گۇرۇپپىسىدىكى ئالاقىدار رەھبەرلەردىن تۆت كىشى ئۇستۈنكى قۇرباغ كەنتىگە بېرىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ يېقىنقى مەزگىلدىكى خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى.

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ما جياڭشيا دوكلاتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ يېقىنقى مەزگىلدىكى خىزمەت نەتىجىلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى. ئۇ خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ كېيىنكى باسقۇچلۇق خىزمەتلىرى توغرىسىدا مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى: بىرىنچى، قاتتىق تەلەپ قويۇپ، خىزمەت ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، 1-تۈركۈمدىكى «ئەل رايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» پائالىيىتىنىڭ كېيىنكى ئىككى ئايلىق خىزمەت پىلانىنى ئۈنۈملۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. ئىككىنچى، كۆچمە نوپۇس ۋە نۇقتىلىق نوپۇسلارنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەپ، كەنتتىكى كۆچمە نوپۇس ۋە نۇقتىلىق نوپۇسلارنىڭ تەكتىنى، ھازىرقى ئەھۋالىنى ئېنىق بىلىپ، تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان خادىملارنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ۋە نۇقتىلىق خادىملارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئەھۋالىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارغا پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ئىللىقلىقى ۋە غەمخورلۇقىنى ھېس قىلدۇرۇپ، ئۇلارنى ئەسەبىي كۈچلەر بىلەن بولغان چەك-چېگرانى ئېنىق ئايرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك. ئۈچىنچى، ئەڭ تۆۋەن چەك تەپەككۇرىنى كۈچەيتىپ، بىخەتەرلىك ئېڭىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇش كېرەك.

12-ئاينىڭ 25-كۈنى «ئەل رايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» پائالىيىتىنىڭ 12-ئايدىكى خىزمەتلىرىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىغا ئاساسەن ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ ئۇستۈنكى قۇرباغ كەنتىدە تۇرۇشلۇق خىزمەت گۇرۇپپىسى كەنت ئاھالىلىرىنى تەشكىللەپ «دىنىي ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش» بويىچە ئۆزگىچە مەدەنىيەت-تەنتەربىيە پائالىيىتى ئۇيۇشتۇردى. مۇسابىقە تۈرلىرىگە 260 كەنت ئاھالىسى قاتناشتى.

# ئەن لۇشەن - شى سىمىڭ توپىلىڭىدىكى تۈرك ۋە ئۇيغۇرلار

ئابلەت كامالوف [قازاقىستان]

ئۇيغۇر خانلىقى (744 — 840 - يىللار)نىڭ دەسلەپكى ئون يىلىدا، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىش تاشقى ئالاقە ئىشلىرىدىكى مۇھىم نۇقتا بولۇپ قالغان. ئۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇرلارنىڭ كۈچى زورىيىپ، زېمىنى كېڭىيىپ، قوملۇقنىڭ شىمالىنى ئۆز ئالدىغا ئىگىلىگەنىدى، لېكىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خانلىقى (تاڭ سۇلالىسى) بولسا قاتمۇقات كىرىزىسلارغا پېتىپ قالغانىدى. جۈملىدىن ئەن لۇشەن ۋە ئۇنىڭ ۋارىسى 755 - يىلىدىن 763 - يىلىغىچە تاڭ سۇلالىسىغا قارشى قوزغىغان توپىلاڭ ئەڭ ئېغىر بولغانىدى. بۇ توپىلاڭنى جۇڭگونىڭ شىمالىدا تۇرۇشلۇق مەشھۇر ھەراۋۇل، تۈرك - سوغدى قان سىستېمىسىدىكى ئەن لۇشەن قوزغىغانىدى (يېقىنقى بەزى تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، ئەن لۇشەن ئەسلىدە بۇخارالىق «روشەن» دېگەن كىشى بولۇپ، خەنزۇچە بۇخارا 〈安国〉 دېگەن سۆزدىكى «安» سۆزى قامىلە قىلىنغان — مۇھەررىردىن). بۇ توپىلاڭ بۈيۈك تاڭ ئىمپېرىيەسىنى ئىچكى ئۇرۇش پاتقىقىغا پاتۇرۇپ قويغان، ھەتتا ھالاكەت گىردابىغا ئېلىپ بارغان. دەل شۇ چاغدا ئۇيغۇرلارنىڭ ھەربىي ياردىمى بىلەن تاڭ سۇلالىسى بۇ ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋالغان ۋە توپىلاڭنى باستۇرغان.

ئەن لۇشەن - شى سىمىڭ توپىلىڭى مەزگىلىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى 756 - ، 757 - ، 759 - ۋە 762 - يىللىرى تاڭ سۇلالىسىغا تۆت قېتىم ياردەم بەرگەن ھەمدە ئاخىرقى قېتىمدا توپىلاڭنى بېسىقتۇرۇپ، تاڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھاكىمىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن. ئۇيغۇرلار بۇ توپىلاڭنى بېسىقتۇرۇشقا قاتنىشىشتا ئەڭ ئاۋۋال ئىقتىسادىي مەنپەئەتنى كۆزلىگەن. كۆپچىلىككە مەلۇمكى، ھەر قېتىملىق ئۇرۇشتا تاڭ ئوردىسى نۇرغۇن سوۋغا - سالاملارنى بەرگەن، ئۇرۇش داۋامىدا نۇرغۇن ئولجا ئۇيغۇرلارنىڭ قولىغا چۈشكەنلىكمۇ ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇم. جۇڭگو تارىخشۇناسلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ئىش - ھەرىكەتلىرىدە ئۇرۇش غەنىيمەتلىرىگە بولغان تەلپۈنۈشتە بولغانلىقىنى كۆپ قېتىم تەكىتلىگەن. سىماگۇاڭ 757 - يىلى غەربىي پايتەخت چاڭئەن قايتۇرۇۋېلىنىشتىن بۇرۇن، تاڭ سۇزۇڭنىڭ ئۇيغۇرلار بىلەن «پايتەختنى تېزلىكتە قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن پايتەخت قايتۇرۇۋېلىنغان كۈنى زېمىن، ئەسكەرلەر تاڭ سۇلالىسىغا، ئالتۇن - كۈمۈش، ئوغۇل - قىزلار ئۇيغۇرلارغا تەئەللۇق بولىدۇ دەپ كېلىشكەن»لىكىنى خاتىرىلىگەن[1]. شەرقىي پايتەخت لوياڭ قايتۇرۇۋېلىنغاندىن كېيىن، مۇشۇنىڭغا ئوخشاش كېلىشىم تۈزۈلۈپ ئۇيغۇرلارنىڭ شەھەرنى ئۈچ كۈن بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشىغا رۇخسەت قىلىنغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كىرىپ، لوياڭ ۋە باشقا شەھەر - بازارلارنى، كەنتلەرنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلغان. ئۇيغۇرلارنىڭ تاڭ سۇلالىسىغا ياردەملىشىپ توپىلاڭنى بېسىقتۇرۇشىدا ئىقتىسادىي مەنپەئەت بىلەن ئۆزىنى كۈچەيتىشى مەقسەت قىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە باشقىلار ئانچە بىلىپ كەتمەيدىغان مۇددىئاسىمۇ بولغان. كەمىنە ئىلىم ساھەسىدە پەقەت ئىككى كىشىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە ياردەم بېرىشىگە يوشۇرۇنغان سىياسىي سەۋەبلەر ھەققىدە ئىزدەنگەنلىكىنى بىلىمەن. روسىيە تارىخشۇناسى گومىلىيېۋ (L. W. Gumilev) ئۇيغۇرلارنىڭ قوشۇن چىقىرىشتىكى مەقسىتى تاڭ ئىمپېرىيەسىنىڭ قوشۇنىنى يوقىتىپ، تاڭ سۇلالىسىنى



ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تولۇق مۇستەقىللىقىغا يول قويۇشقا ماقۇل قىلىش[2] دەپ قارىغان. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «756-يىلى 9-ئايدا ئۇيغۇرلار ۋە تۇبۇتلەر توپىلاڭنى باستۇرۇشقا ياردەم قىلغان، بۇنداق ئەھۋالدا، ھەر ئىككىلا تەرەپنىڭ سىياسىي تەشەببۇسى بىردەك بولغان. توپىلاڭنى باستۇرۇشقا قاتناشقاندا شەك-سۈبھىسىزكى تاڭ ئىمپېرىيەسىنىڭ ھەربىي كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، ئۇرۇش ئارقىلىق كۆپلىگەن ئۇرۇش غەنىيمەتلىرىنى قولغا كەلتۈرەلەيتتى»[3]. بۇ خىل چۈشەندۈرۈش تازا پۇت دەسسەپ تۇرالمايدۇ، چۈنكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى قالايمىقانچىلىقنىڭ دۆلەتنى ۋەيران قىلىشى تاشقى ئامىلنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدۇ. تاڭ سۇلالىسىغا ياردەم بېرىپ ھاكىمىيىتىنىڭ ھاياتى كۈچىنى ساقلاپ قېلىۋاتقان ئۇيغۇرلار تاڭ ئىمپېرىيەسىنىڭ ئاجىزلىشىشىغا سەۋەب بولالىشى مۇمكىن ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ چاغدا ئۇيغۇرلار ھاكىمىيىتىنىڭ مۇستەقىللىقى تاڭ ھاكىمىيىتىگە بېقىنمايتتى.

ئامېرىكىلىق ئالىم ل.ۋ.موسېس (L. W. Moses) ئۇيغۇرلارنىڭ تاڭ سۇلالىسىغا ياردەم بېرىشى ھەققىدە يەنە بىر خىل قىزىقارلىق قاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئۇ مۇنداق قارىغان: جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا ئەسىر تارىخشۇناسلىرى تەسۋىرلىگەندەك، ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ ھامىيسى بولغان تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى بىلەن مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش يۈزىسىدىن بىرلەشمەي، بەلكى ئاسىي ئاتامان ئەن لۇشەنگە دۈشمەنلىك غەرىزى بىلەن قارىغانلىقىدىن بىرلەشكەن. چۈنكى ئەن لۇشەننىڭ ئانىسى تۈرك قەبىلىلىرى ئىچىدە ئاشىنا قەبىلىسىدىن كېيىن تۇرىدىغان ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدىن يەنى ئاشىد قەبىلىسىدىن ئىدى[4]. ئەمما مېنىڭچە ئەن لۇشەننىڭ كېلىپ چىقىشى قانداقلا بولسۇن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇنىڭغا دۈشمەنلىك نەزىرى بىلەن قارىشىنىڭ ھەقىقىي سەۋەبى بولالمايدۇ. ئۇ ۋاقىتلاردا تاڭ ئىمپېرىيەسىنىڭ قوشۇنىدا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش يۇقىرى ۋەزىپىگە قويۇلغان سوغدى-تۈرك ئارىلاشما قېنىدىكىلەر خېلى كۆپ ئىدى. كۆپچىلىككە مەلۇمكى، ئەن لۇشەننىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولغان قوشۇخاننىڭ ئاتىسى غەربىي تۈركلەردىن، ئانىسى سوغدى ئىدى. شۇڭا، ئۇيغۇرلارنىڭ تاڭ سۇلالىسىغا ياردەم بېرىشىدىكى ھەربىي، سىياسىي سەۋەب موسېس ئوتتۇرىغا قويغان قاراشقا ماس كەلمەيدۇ. ناۋادا 756-يىلىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تاڭ سۇلالىسىغا ياردەم بېرىشىگە مۇناسىۋەتلىك خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللارنى ئىنچىكە تەھلىل قىلىدىغان بولساق، بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلىش تەس ئەمەس. بۇ قېتىمقى ئەسكەر چىقىرىش ئۇيغۇرلار بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ توپىلاڭچىلارغا قارشى تۇنجى قېتىملىق ھەربىي جەھەتتە بىرلىشىشى بولۇپ، ئۇيغۇر خانلىقى تارىخىغا نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، تىلغا ئېلىشقا ئەرزىمەيدىغان بىر قىستۇرما دېيىشكە بولىدۇ. خەنزۇچە تارىخنامىلەردىكى ئىنتايىن يېتەرسىز مەلۇماتلار ئارقىلىق ئۇرۇشتىن بۇرۇنقى ئەھۋالنى تەھلىل قىلغاندا، كەمىنە ئاۋۋال ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسكەر چىقىرىش ئالدىدىكى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ۋەزىيىتىنى ئەسلەپ ئۆتۈشنى مۇۋاپىق دەپ قارايمەن.

ئەن لۇشەن بىلەن شى سىمىڭ 755-يىلى 12-ئاينىڭ 16-كۈنى فەنياڭدا قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن. دەسلەپتە ئىش ئوڭۇشلۇق بولۇپ، نەچچە ئاي ئىچىدىلا، تاڭ ئىمپېرىيەسىنىڭ شەرقىي پايتەختى لوياڭنى ئىگىلىۋالغان. ئەن لۇشەن ئۇ يەردە ئۆزىنى ئۇلۇغ يەن پادىشاھى دەپ ئېلان قىلغان[5]. ئۇنىڭدىن كېيىن توپىلاڭچىلار غەلىبىسېرى غەربىي پايتەختكە قىستاپ كەلمىگەن. تاڭ سۇلالىسى قوشۇنى پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ پايتەختنى مۇداپىئە قىلىش سېپى تەشكىللەشكە باشلىغان. كېيىن توپىلاڭچىلار چاڭئەنگە ئەسكەر چىقارغاندا، تۇڭگۇەندە تاڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ قاتتىق تۇتۇشقان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، تاڭ سۇلالىسى خېيبېي تەۋەسىدىمۇ قايتۇرما زەربىگە ئۆتكەن، تاڭ سۇلالىسى سانغۇنى گو زىيى بىلەن لى گۇاڭبى ئارقا تەرەپتىن توپىلاڭچىلارغا زەربە بېرىپ بولىڭ (ھازىرقى باۋدىڭنىڭ شىمالىدا)نى قورشىۋالغان توپىلاڭچىلار قوشۇنىنى جەنۇبقا چېكىنىشكە مەجبۇر قىلغان[6]. ئەمما تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھۇجۇمى 756-يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تۇيۇقسىز توختاپ قېلىپ، توپىلاڭچىلار چاڭئەننى ئىشغال قىلىۋالغان. چاڭئەننىڭ قولدىن كېتىشى بۇنىڭدىن بۇرۇن تاڭ سۇلالىسىغا پايدىلىق بولغان ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىۋەتكەن. تاڭ شۈەنزۇڭ

سىچۆەنگە قېچىپ كېتىپ، توپىلاڭچىلارغا قارشى تۇرۇش ئىشىنى تەخت ۋارىسى (شاھزادە) لى خېڭغا تاپشۇرغان. لى خېڭ 756-يىلى 7-ئايدا شوفاڭنىڭ غەربىي شىمالىدىكى لىڭۋۇدا تەختكە ئولتۇرۇپ سەلتەنەت نامىنى «سۇزوڭ» دەپ ئاتىغان. گو زىيى بىلەن لى گۇاڭبىمۇ خېبېيدىن كەتكەن، ئۇ يەرلەر قايتىدىن توپىلاڭچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن. بۇ ۋاقىتتا جۇڭگو ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن: تاڭ سۇلالىسى قوشۇنى شىمالىي جۇڭگودىكى شوفاڭ ۋە جەنۇبىي جۇڭگودىكى چاڭجياڭ دەرياسى ۋادىلىرىنى كونترول قىلغان، باشقا جايلارنى توپىلاڭچىلار كونترول قىلغان. تاڭ سۇلالىسىغا نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، شىمالىي جۇڭگو توپىلاڭچىلارغا قارشى تۇرۇشتىكى مۇھىم جاي بولغاچقا، مۇتلەق كۆپ غوللۇق قوشۇن شوفاڭغا توپلانغانىدى.

شۇ ئايدا، توپىلاڭچىلارنىڭ كاتىباشلىرىدىن بىرى ئاشىنا سۇگلى دۈشمەن قورۇلىنى تاشلاپ شوفاڭغا قېچىپ كەتكەن[7]. ئاشىنا سۇگلى تۈرك قەبىلىلىرىگە تەۋە خان جەمەتىنىڭ ئاشىنا ئۇرۇقىدىن بولۇپ، تۈرك ئاقسۆڭەكلىرىدىن ئىدى. 8-ئەسىرنىڭ 40-يىللىرىدا، ئۇيغۇرلار بىلەن تۈركلەر چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى دالىنى تالىشىپ ئۇرۇشقاندا، ئۇ ئۇيغۇرلاردىن قېچىپ تاڭ سۇلالىسىغا ئەل بولغان. ئەمما 742 — 744-يىلىغىچە تاڭ سۇلالىسىغا ئەل بولغان تۈركلەرنىڭ تىزىملىكىدە ئۇنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنمىغان. ئېنىقكى، ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىڭ تەسىرى چەكلىك ئىدى[8]. ئاشىنا سۇگلى باشقا قەبىلە باشلىقلىرىغا ئوخشاش ئەن لۇشەننىڭ تاڭ سۇلالىسىغا قارشى تۇرۇشىنى قوللىغان ھەمدە كۆپ قېتىم چاڭئەنگە ھۇجۇم قىلىش ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان. توپىلاڭچىلار ئىككى پايتەخت ۋە پۈتكۈل جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمال رايونىنى ئىگىلىۋالغان پايدىلىق ۋەزىيەتتە، ئاشىنا سۇگلىنىڭ نېمە سەۋەبتىن توپىلاڭچىلارغا ئاسىيلىق قىلىپ تاڭ سۇلالىسىغا ئەل بولغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ[9]. ئۇرۇش مەزگىلىدە يۇقىرى دەرىجىلىك سانغۇنلارنىڭ دۈشمەن تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىشى كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان ئىش. تاڭ سۇزوڭ ئاشىنا سۇگلىنىڭ شوفاڭغا كەلگەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنىڭ ھەرىكىتىگە قاراپ ئۇنى ئۆز يېنىغا تارتقان بولۇشى ئېھتىمال. ئەمەلىيەتتە ئاشىنا سۇگلىنىڭ قول ئاستىدىكى بىر قىسىم ئادەملەرلا تاڭ سۇلالىسىغا تەۋەلىك بىلدۈرگەن. ئۇ ئۆزى پادىشاھ بىلەن ھەمكارلىشىشنى رەت قىلىپلا قالماستىن، ئېخى ئۇنىڭ چوڭ بارگاھىغا ھۇجۇم باشلىغان. ئۇنىڭدىن باشقا، ئاشىنا سۇگلى قوشۇنىنى كېڭەيتىپ، يەرلىكتىن كۆپلىگەن خەنزۇ بولمىغان ئادەملەرنى، ئاساسلىقى ئوردوس ئالتە ئايماقتىكى(ئالتە غوز ئايمىقىدىكى) سوغدىلارنى ئەسكەرلىككە ئالغان[10]. تولۇقسىز مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، تاڭ سۇلالىسى قوشۇنى تۇرۇشلۇق لىڭۋۇغا 600 چاقىرىم (تەخمىنەن 300 كىلومېتىر) كېلىدىغان يەردىكى باسقاق قوشۇنىنىڭ شىمالىدا ئاشىنا سۇگلى 10 مىڭدەك ئادەم توپلىغان[11]. ئۇنىڭ تاڭ سۇلالىسىغا دۈشمەنلىك قىلىشىغا قاراپ جۇڭگو تارىخشۇناسلىرى ئۇنىڭ ئەن لۇشەنگە ئاسىيلىق قىلىشىنىڭ يالغان ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرگەن، ئۇنىڭ تاڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ بارگاھىغا ھۇجۇم قىلىشتىكى مەقسىتى تاڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ دىققىتىنى ئومۇمىي ھۇجۇمدىن ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن تەھدىت سېلىۋاتقان ئوردا شەھىرىگە بۇراش ئىدى. سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن داڭلىق تارىخچى خۇ سەنشىڭ بۇ قاراشنى قۇۋۋەتلەيدۇ. شوفاڭ ئايمىقىدىكى توپىلاڭچىلار ھەقىقەتەن تاڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا تەھدىت سالغان. تاڭ سۇزوڭ قاتتىق ئويلىنىپ ئۇلارنى يوقىتىشنى قارار قىلىپ، ھىراۋۇل بۆگۈ خۇەيئېننى ئاشىنا سۇگلىغا جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتكەن. تارىخىي ماتېرىياللاردا بۆگۈ خۇەيئېننىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ ئىلگىرى ئاشىنا سۇگلىنىڭ قارىمىقىدىكى تاڭ سۇلالىسىغا ئاسىيلىق قىلغان توققۇز ئوغۇزلارنىڭ[12]بىرى بولغان توڭرا قەبىلىسىگە زەربە بەرگەنلىكى خاتىرىلەنگەن. گەرچە توڭرالار مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئاشىنا سۇگلىنىڭ قوشۇنى ئاۋۋالقىدەكلا كۈچلۈك ئۇرۇش قىلىش كۈچىگە ئىگە ئىدى. تاڭ ئوردىسى ئاشىنا سۇگلىنىڭ تەھدىتىنى ۋە تاشقى ياردەمنىڭ مۇھىملىقىنى ھېس قىلغانىدى. شۇڭا توڭرالار مەغلۇپ بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي، تاڭ سۇزوڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆكۈمرانى ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان بايانچۇرغا ئەسكەر چىقىرىپ تاڭ سۇلالىسىغا ياردەملىشىپ توپىلاڭنى بېسىقتۇرۇشنى ئۆتۈنۈپ ئالاھىدە ئەلچى ئەۋەتكەن. تاڭ سۇلالىسى شاھزادىسى لى

چىڭسەي، سانغۇن بوگۇ خۇەيئېن ۋە شى دىڭفەندىن تەركىب تاپقان تاڭ سۇلالىسى ئەلچىلەر ئۆمىكى 756-يىلى 10-ئايدا ئۇيغۇرلارنىڭ پايتەختى ئوردۇ بالىققا يېتىپ بارغان. ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى قىسقىچە خاتىرىلەر ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھەربىي ھەرىكەتلەرنى «يېڭى تاڭنامە»دىكى «ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى»، «كونا تاڭنامە» ۋە «يېڭى تاڭنامە»لەردىكى «گو زىيىنىڭ تەرجىمھالى»، «شى سىمىڭنىڭ تەرجىمھالى» شۇنداقلا سىما گۇاڭ تۈزگەن «ئەلنى ئىدارە قىلىش ئۈرنەكلىرى»دىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. بۇ ھەقتىكى مەلۇماتلار تۆۋەندىكىچە:

شۇنىڭ بىلەن قاغان قوشۇنغا باشچىلىق قىلىپ شوفاڭ ھىراۋۇلى گو زىيى بىلەن بىرلىكتە توگرا قەبىلىلىرى ئۈستىگە يۈرۈش قىلدى ۋە ئۇلارنى سارىغ ئۆگۈز (خۇاڭخې دەرياسى)نىڭ شىمالىدا مەغلۇپ قىلدى، ئاندىن گو زىيى بىلەن قويۇن جىلغىسىدا ئۇچراشتى، قاغان ئۆز قوشۇنىنىڭ قۇدرىتى ۋە ھەيۋىتىگە تايىنىپ، نۆكەرلىرىنى قاتار قىلىپ سەپكە تىزدى ھەمدە گو زىيىنى ئاۋۋال بۆرە باشلىق چوڭ تۇغقا باش ئۇرغۇزۇپ ئاندىن كۆرۈشتى. («يېڭى تاڭنامە» 217-جىلد، 3-بەت.)

يى زىچى بەش مىڭ ئەسكەرنى باشلاپ سارىغ ئۆگۈزدىن ئۆتۈپ، بېيخەيىنى ئىگىلىدى، يەنە جەنۇبتىكى چاڭجياڭ، خۇەيخې دەريالىرىنىڭ ئەتراپىنى ئىگىلىمەكچى بولدى. ئۇيغۇرلارنىڭ قاغانى كۆل قاغان تايانغۇسىنى ئەسكەر چىقىرىپ ياردەم بېرىشكە ئەۋەتتى، ئاۋۋال ئىككى مىڭ ئاتلىق ئەسكەر فەنياڭدىن شەھەرگە كىردى، يى زىچى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ قوشۇننى چېكىندۈرۈپ كەتتى. («ئەلنى ئىدارە قىلىش ئۈرنەكلىرى» 219-جىلد، 7006-، 7007-بەتلەر.)

ئۇيغۇرلار ئىككى مىڭ ئاتلىق ئەسكەرنى باشلاپ فەنياڭغا كىردى، فەنياڭ قەلئەسىنى ئىككى كۈن مۇھاسىرە قىلىپ تەيىۋەنگە يۆتكەلدى، يى زىچى نەچچە مىڭ چاقىرىم يول يۈرۈپ توپىلاڭچىلار قوشۇنىنى قۇتقۇزدى. («كونا تاڭنامە» 200-جىلد، 7-بەت.)

11-ئايدا، قاراقچىلار ئاتامانى ئاشىنا سۇڭلى توگرا ۋە بوگۇلەرنىڭ بەش مىڭ كىشىلىك چەۋەندازلار قوشۇنىنى باشلاپ، خېچۈدىكى توققۇز مەھكىمە ۋە ئالتە غۇز قوۋمدىن بولۇپ نەچچە تۈمەن كىشىنى قايمۇقتۇرۇپ بىرلىكتە توپىلاڭ كۆتۈرمەكچى بولدى. گو زىيى ئۇيغۇرلار سەركەردىسى كۆل قاغاننىڭ ياردىمىدە ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىپ نەچچە تۈمەن كىشىنى ئەسىر ئالدى، ئولجا ئېلىنغان مال-چارۋىلارنىڭ ھەددى-ھېسابى بولمىدى، شۇنداق قىلىپ خېچۈ دىيارى تىنچىتىلدى. («يېڭى تاڭنامە» 120-جىلد، 2-بەت. «كونا تاڭنامە» بولۇشى كېرەك، بۇنىڭدا خاتالىق بار — خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغۇچىدىن).

بۇ نەقىللەردە ئوخشىمىغان ئىككى خىل ۋەقە تەسۋىرلەنگەن: 1. فەنياڭغا خۇپپيانە ھۇجۇم قىلغان ئۇيغۇر ئاتلىق قوشۇنغا ئۇيغۇرلارنىڭ سەركەردىسى كۆل قاغان باشچىلىق قىلغان؛ 2. تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىرلەشمە قوشۇنى ئاشىنا سۇڭلى بىلەن ئۇرۇش قىلغان قويۇن جىلغىسى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شىمالىغا توغرا كېلىدۇ[13]. يۇقىرىقىلارنى ئومۇملاشتۇرغاندا، پەقەت «يېڭى تاڭنامە»دە قاغاننىڭ قوشۇن باشلاپ ئوردۇسقا بارغانلىقى تىلغا ئېلىنغان، ئەمما باشقا تارىخىي ماتېرىياللار كۆل قاغاننىڭ ئۇيغۇر قوشۇنغا باشچىلىق قىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. خانىدا تورۇ «يېڭى تاڭنامە»دىكى ئۇچۇرلاردا خاتالىق بار، چۈنكى سىماگۇاڭ ئۇيغۇر قاغانىنى پەقەتلا تىلغا ئالمىغان، ئەمما ماككىراس(C. Mackerras)بۇنىڭغا توغرا دەپ ئىشەنگەن[14] دەپ قارايدۇ.

شۇڭا، خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردىكى خاتىرىلەرنىڭ بىرگە ئۇيغۇرلارنىڭ ئوردۇستىكى پائالىيەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ۋەقەلەرنى قايتا بايان قىلىشىمىزغا ياردىمى تېگىدۇ. 756-يىلى 10-ئايدا ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان ئوردۇبالىقتا تاڭ سۇلالىسى ئەلچىلىرى بىلەن كۆرۈشكەن. 12-ئايدا چوڭ قوشۇننى باشلاپ ئوردۇسقا بارغان. ھەربىي يۈرۈش داۋامىدا قاغان داۋاملىق زور ئاتلىق قوشۇنغا باشچىلىق قىلغان. قاغان قوشۇن باشلاپ مېڭىشتىن بۇرۇن، ئۇنىڭ ئەلچىسى كۆل قاغان 2000 ئاتلىق ئەسكەرنى باشلاپ خېبېي فەنياڭنىڭ بوش قالغانلىق پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ يوشۇرۇن ھۇجۇم قىلغان، توپىلاڭچى قوشۇننىڭ سانغۇنى يى زىچى ياردەمگە كېلىپ، كۆل قاغاننى دەريانىڭ شەرقىدىكى تاڭ سۇلالىسى كونتروللۇقىدىكى تەيىۋەنگە چېكىنىشكە مەجبۇر قىلغان.

كۆل قاغان ئۇ يەردە قاغان باشچىلىقىدىكى غول قىسىم بىلەن ئۇچراشقان، ئارقىدىنلا ئاشىنا سۇڭلىغا جازا يۈرۈشى قىلغان.

ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان ئۇيغۇر قوشۇنىنى ئۆزى باشلاپ كېلىشتەك ئەمەلىيەت بۇ قېتىمقى ئۇرۇشنىڭ ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن ئىنتايىن مۇھىملىقىدىن دېرەك بېرىدۇ، ئۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ئۇرۇشقا مۇشۇ بىر قېتىملا قاتناشقان. ئۇنىڭدىكى كېيىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بارغان قوشۇنغا قاغانىنىڭ ئوغۇللىرى، ئىنىلىرى باشچىلىق قىلغان. 757 ـ يىلى ئۇيغۇر ئاتلىق قوشۇنىغا ئەل ئەتمىش بىلگە قاغانىنىڭ چوڭ ئوغلى يابغۇ ئىدىگەن (كېيىن بۆگۈ قاغان دەپ ئاتالغان) باشچىلىق قىلغان. 758 ـ يىلى ئۇنىڭ 3 ـ ئوغلى قۇتلۇق چۇر تېگىن باشچىلىق قىلغان[15]. 762 ـ يىلى بۆگۈ قاغانىنىڭ قوشۇن باشلاپ جەڭگە قاتناشقاندىكى ئەھۋال سەل باشقىچە[16]. ئۇيغۇرلارنىڭ 1 ـ قېتىم ئوردۇسقا ئەسكەر چىقىرىشىدىكى ئالامەتلىرىنى ئاشىنا سۇڭلى قوشۇنىنى يوقىتىشنى مەقسەت قىلغان دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئەمما ئاشىنا سۇڭلى بولسا چوڭ دالىدىكى ئۇيغۇر ھاكىمىيىتىگە غايەت زور تەھدىت ئىدى. تۈرك ئاقسۆڭەكلىرىدىن بولغان ئاشىنا سۇڭلى ئۇيغۇرلار كونتروللىقىدىكى تۈرك زېمىنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇناتتى، مانا بۇ ئۇنىڭ توپىلاڭچىلاردىن يۈز ئۆرۈشى، تاڭ سۇلالىسى بىلەن ھەمكارلىشىشنى رەت قىلىشى ھەمدە ئوردۇسقا كۆچ توپلىشىنىڭ سەۋەبى، ئۇنىڭ مەقستى دالىنىڭ يېڭى خوجايىنى بولغان ئۇيغۇرلار بىلەن تۇتۇشۇپ بېقىش. شۇڭا بىز ئاشىنا سۇڭلىنىڭ ئۆزىنىڭ قەبىلە تەركىبى بولغان تۈركلەرنىڭ كۆچىگە تايىنىپلا قالماستىن، يەنە قۇملۇقنىڭ شىمالىدا ھاكىمىيەت تالىشىۋاتقان، ئۇيغۇرلارنىڭ ياغلاقار ئۇرۇقى بىلەن ئاداۋىتى بار توققۇز ئوغۇز (ئۇيغۇر) قەبىلىلىرىگە تايانغانلىقىدەك ئەمەلىيەتكە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. توققۇز ئوغۇزلاردا ياغلاقار ئۇرۇقىغا قارشى قەبىلىلەردىن توڭرا، ئايىبارىس ۋە بۆگۈ قەبىلىلىرى بار ئىدى.

ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇرلار، تۈركلەر ۋە توققۇز ئوغۇزلار ئارىسىدا ھەقىقەتەن ئىچكى ئۇرۇش خەۋپى بار ئىدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئۇلارنىڭ يولباشچىسى بولغان ئاشىنا سۇڭلىنىڭ پۈتكۈل چوڭ دالىنى باشقۇرۇش ھوقۇقى بار ئىدى. شۇڭا ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان بۇ خەۋپنى تونۇپ يەتكەن ھەمدە بىر قوشۇن تەشكىللەپ بۇ يوشۇرۇن خەۋپنى يوقىتىپ ئاشىنا سۇڭلىنى تەل-تۆكۈس يوقىتىش پۈرسىتىنىڭ ئاخىرى كەلگەنلىكىنى بىلىپ يەتكەن. ئاشىنا سۇڭلى دەسلەپتە يوشۇرۇن ھۇجۇم قىلىش ۋە بۇلاڭ-تالاڭ قىلىش ئارقىلىق تاڭ سۇلالىسىنىڭ توپىلاڭچىلارغا قارشى ھۇجۇمىغا توسقۇنلۇق قىلغاچقا، تاڭ سۇلالىسمۇ ئۇلارنى تۈپتىن يوقىتىشنى ئويلىغان. شۇڭا، ئۇيغۇرلارنىڭ ياغلاقار ئۇرۇقى بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاشىنا سۇڭلىنى يوقىتىش ئويى ئوخشاش چىققان. كۈچ جەھەتتىكى زور پەرق ئاشىنا سۇڭلى توپىلىڭىنىڭ ناھايىتى تېزلا بىتچىت بولۇشىنى بەلگىلىگەن.

ئاشىنا سۇڭلى قەبىلىسى مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئۆزى تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ قېچىپ كېتەلىگەن. خەنزۇچە تارىخنامىلەردىكى 757 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ لوياڭنى قايتۇرۇۋالغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك ۋەقەلەردە ئۇنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنغان. ئېنىقكى، ئاشىنا سۇڭلى تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىرلەشمە قوشۇنى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن، توپىلاڭچىلار ئىگىلىۋالغان چاڭئەنگە قايتىپ كېلىپ، ئۆز جەمەتىدىن بولغان توپىلاڭچىلارنىڭ يەنە بىر يۇقىرى دەرىجىلىك كاتىپېشى ئاشىنا چېڭچىڭنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن. «يېڭى تاڭنامە»دە: ئەن چىڭشۇ (ئەن لۇشەننىڭ ئوغلى، كېيىن قورچاق خانلىق ئورنىغا ئولتۇرغان ھەمدە 757 ـ يىلى لوياڭدىن قوغلاپ چىقىرىلغان)نىڭ ئاشىنا چېڭچىڭنى شىيەنچېڭنىڭ ئايماقدارلىقىغا، ئاشىنا سۇڭلىنى سول تۇرشاۋۇل سانغۇنلۇققا تەيىنلىگەنلىكى خاتىرىلەنگەن[17].

ئەل ئەتمىش بىلگە قاغانىنىڭ ئاشىنا سۇڭلىغا قارشى ئۇرۇشلىرى «شىنە ئۇسۇ مەڭگۈتېشى» («مويۇنچۇر مەڭگۈتېشى» ياكى «بىلگە قاغان مەڭگۈتېشى»)دە ئانچە-مۇنچە تىلغا ئېلىنغان. بۇ مەڭگۈتاشتا ئاساسلىقى بىلگە قاغانىنىڭ تۆھپىلىرى بايان قىلىنغان، ئەپسۇسلىنارلىقى، مەڭگۈتاشنىڭ كېيىنكى يېرىمى ۋە ئەن لۇشەن توپىلىڭى مەزگىلىدە يۈز بەرگەن ۋەقەلەر قىسمى ياخشى ساقلانمىغان. ئەمما ئۇنىڭدىكى يېرىم-يارتا ئىزلاردىن تاۋغاچ خان (تاڭ سۇلالىسى پادىشاھلىرىنى كۆرسىتىدۇ) بىلەن ئۇيغۇر ھۆكۈمرانلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى تىلغا ئېلىنغانلىقىنى بايقىيالايمىز. مەڭگۈتاشتىكى كۆپلىگەن يېزىقلارنىڭ

كەمتۈكلۈك سەۋەبىدىن بىز ئەينى ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ قانداق ئالاقىدە بولغانلىقىنى بېكىتەلمىدۇق، ئەمما قاغان نامىدىن يېزىلغان : «2-ئاينىڭ 6-كۈنى مەن ئۆيگە باردىم» (43-قۇر)[18] دېگەن بىر قانچە قۇر خەت بۇ ئىككى تارىخىي ۋەقەدىن بىرنى جەزملەشتۈرۈشىمىزگە ياردىمى تېگىدۇ. بۇنىڭ بىرى، قاغاننىڭ تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان ئالاقىسى، يەنى قاغاننىڭ 756-يىلى 10-ئايدا تاڭ سۇلالىسى ئەلچىلىرى بىلەن كۆرۈشكەنلىكى؛ ئىككىنچىسى، قاغاننىڭ ئالدىنقى سەپتىن ئوردۇسىغا قايتقانلىقى. مەڭگۈتاشتا تىلغا ئېلىنغان قاغاننىڭ ئۆيگە قايتقان ۋاقتىنىڭ 2-ئاينىڭ 6-كۈنى ئىكەنلىكى ئالدىنقى خۇلاسىنى ئىنكار قىلمايدۇ، بەلكى ئالدىنقى بايانلاردىكى 756-يىلى 12-ئاينىڭ 7-كۈنى[19] ئاشىنا سۈگلى بىلەن تۇتۇشقانلىقى دەل بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ. قاغاننىڭ يۇرتىغا قايتقان ۋاقتى ئۇرۇشتىن كېيىنكى ئىككى ئايدىن كېيىن ئەمەس، يەنى كېيىنكى يىلى — توخۇ يىلى باشلانغان 757-يىلى 2-ئاينىڭ 6-كۈنى.

خەنزۇچە تارىخنامىلەردىكى ئۇيغۇرلار بىلەن ئاشىنا سۈگلى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشلارنى تەھلىل قىلغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە ياردەم بېرىشتىكى ھەربىي، سىياسىي مۇددىئاسىنى پەرەز قىلغىلى بولىدۇ. ئاشىنا سۈگلى 752-، 753-يىللىرى[20] ئىلگىرىكى تۈرك كاتتىباشلىرىدىن ئابۇز يابغۇغا ئوخشاش ئۇيغۇرلارغا: ئىمپېرىيە ھالاك بولۇش مەزگىلىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە قاچقان تۈركلەرنىڭ ئۆز ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈمىدىدىن يانمىغانلىقىنى، ئۇيغۇر قاغانىنىڭ تۇيۇقسىز كەلگەن بۇ ۋەھىمىدىن قۇتۇلمىقى تەسلىكى توغرىسىدا بايانات ئېلان قىلغان. ئىلگىرى مەيلى تۈركلەر ياكى ئۇيغۇرلار بولسۇن، دەسلەپتە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خانلىقىدىن پاناھلىق سورىغاندا، ئاساسەن ئوخشاش ئەھۋال ساقلانغان. ئەمما كۈچەيگەندىن كېيىن، ئۇلار دالىغا قايتىپ ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈش ئۈچۈن قايتىدىن قىر-چاپ قىلىشقان. شۇنداق بولغاچقا، ئاشىنا سۈگلى ۋەقەسىدىن ئۇيغۇرلار تاڭ سۇلالىسى بىلەن بىرلىشىپ توپىلاڭنى تىنچىتقاندا تاڭ سۇلالىسى چېگراسىدىكى تۈركلەرنىڭ ۋەھىمىسىنى يوقىتالايدىغانلىقىغا ئىشەنگەن. ھالقىلىق يېرى شۇكى، ئىلگىرى تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئورتاق ھەمكارلاشقان تۈرك، ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئەن لۇشەن-شى سىمىڭ توپىلىڭى مەزگىلىدە ھەر ئىككىلىسى ئۆزىنىڭ سەنمىگە دەسسىگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ (ئوغۇزلارنىڭ) كۆپ قىسمى تاڭ ئىمپېرىيەسىگە قوشۇلۇپ تاڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا ئەگىشىپ جەڭ قىلغان (مەسىلەن، قەبىلە باشلىقى بۆگۈ خۇەيېنگە ئوخشاش)، ئەمما توكرا قەبىلىلىرىگە ئوخشاش ئاز بىر قىسمى دەسلەپ ئەن لۇشەننى قوللىغان، بىراق ئۇزۇن ئۆتمەي توپىلاڭچىلاردىن قېچىپ بەزىلىرى ئاشىنا سۈگلىگە ئەگەشكەن، مەغلۇپ بولۇپ شىمالىي دالىغا چېكىنگەنلىرى بولسا ئۇيغۇرلارغا بويسۇنغان. ئەكسىچە تۈركلەر توپىلاڭچىلارغا چىڭ يېپىشقان، 742 — 744-يىلىغىچە ئۇلار جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى ئايماقلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان، بۇ ئايماقلارغا كىرگۈزۈلگەن تۇتۇق-پىرقىلەر ئەن لۇشەن توپىلىڭىغا ئەگەشكەن. كۆپچىلىككە مەلۇمكى، تەسىرى ئەڭ زور توپىلاڭچى ئىچىدە ئەن لۇشەننىڭ قولچوماقچىسى دەپ ئاتالغان ئاشىنا چېڭچىڭ دېگەن تۈرك كاتتىباش توپىلاڭنى باشتىن-ئاخىرى جاھىللىق بىلەن قوللاپ كەلگەن. ئومۇمەن، ئۇيغۇرلارنىڭ تاڭ سۇلالىسىغا ھەربىي جەھەتتىن ياردەم بېرىشىنى مەلۇم مەنىدىن ئۇيغۇر، تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ ھوقۇق كۆرىشىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى داۋامى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇيغۇر ئاتلىق قوشۇنى تاڭ سۇلالىسى قوشۇنى بىلەن بىرلىشىپ ئەڭ ئاخىرىدا تۈركلەرنىڭ ئەڭ جەڭگىۋار قىسمىنى يوقىتىپ، جەنۇبىي چېگرانىڭ ئامانلىقىنى قوغدىغان. مانا بۇ تۈرك كونا قەبىلىلىرىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كىرگەندىن كېيىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىش ھەمدە ئۆز يۇرتىنى قايتۇرۇۋېلىش جەھەتتە ھېچقانداق ئىش قىلالمىغانلىقىنىڭ، ھەتتا جۇڭگونىڭ تارىخىي كىتابلىرىدىن ئىز-دېرەكسىزلا يوقىلىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبىدۇر.

يىغىنچاقلاپ ئېيتساق، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەن لۇشەن-شى سىمىڭ توپىلىڭى مەزگىلىدە ئۇزۇن يول بېسىپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بېرىشىدىكى ھەربىي ۋە سىياسىي مەقسىتى تۈرك خانلىقىنىڭ قايتا كۆتۈرۈلۈشىدىن ساقلىنىش ئىدى، ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغان دەسلەپكى ئون يىلدا بۇ ئىش ئۇلارغا نىسبەتەن ئەڭ چوڭ تەھدىت ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ياغلاقار ئۇرۇقى بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ بىرلىشىپ ئەن لۇشەن-شى سىمىڭ توپىلىڭىنى بېسىقتۇرۇشى — تۈرك كۈچلىرىنى يوقاتقانلىق، بولۇپمۇ ئىچكى ئۇرۇش مەزگىلىدە باشتىن-ئاخىر توپىلاڭچىلار تەرەپتە تۇرغان ئاشىنا خان جەمەتىنى يوقاتقانلىق ھېسابلىنىدۇ.

## ئىزاھلار:

[1] سىماگۇاڭ: «ئەلنى ئىدارە قىلىش ئۈرنەكلىرى» 220 - جىلد، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 1958 - يىلى نەشرى، 1034 - بەت.

[2] [3] گۇمىلېۋ (L. N. Gumilew): «قەدىمكى تۈركلەر»، موسكۋا، 1967 - يىلى نەشرى، 394 - ، 395 - بەتلەر.

[4] موسېس (L. W. Moses): «تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئىچكى ئاسىيادىكى مىللەتلەرنىڭ ئولپان تاپشۇرۇش مۇناسىۋەتلىرى»، «تاڭ دەۋرى جەمئىيىتىگە دائىر ماقالىلەر توپلىمى»، لېيدېن، 1976 - يىلى، 40 - ،41 - بەتلەر.

[5] [9] پۇللىي بىلانك (E. G. Pulleyblank): «ئەن لۇشەن توپىلىڭى ۋە كېيىنكى تاڭ جەمئىيىتىدىكى بۆلۈنۈشنىڭ پەيدا بولۇشى»، «تاڭ دەۋرى جەمئىيىتىگە دائىر ماقالىلەر توپلىمى»، لېيدېن، 1976 - يىلى، 44 - ، 79 - بەتلەر.

[6] گو زىيى (697 — 781) تاڭ سۇلالىسىنىڭ مەشھۇر سانغۇنلىرىدىن بىرى، 769 - يىلى باش ۋەزىرلىككە تەيىنلەنگەن. لى گۇاڭبى (708 - 764) تاڭ دەۋرىدىكى يەنە بىر مەشھۇر سانغۇن.

[7] سىماگۇاڭ: ««ئەلنى ئىدارە قىلىش ئۈرنەكلىرى»نىڭ 218 - جىلد 6968 - بېتىدە ئەن لۇشەنگە ئەگىشىپ توپىلاڭ كۆتۈرگەن تونگرالار، تۈركلەر چاڭئەندىكى يۈەنجۇگدا تۇرغان، ئاشىنا سۇگلى شىمالغا قېچىپ كەتكەن، دەپ خاتىرىلەنگەن.

[8] سېن جۇڭمىيەن: ««تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى»، 1 - جىلد، بېيجىڭ، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 1958 - يىلى نەشرى، 458 - ، 459 - بەتلەر.

[10] ئوردۇستىكى سوغدىلار ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى پۇللىي بىلانكنىڭ «ئىچكى موڭغۇلدىكى سوغدى مەھەللىلىرى»دىن كۆرۈڭ، «ئاخبارات»(TP) 41 - جىلد، 1952 - يىلى نەشرى، 317 — 356 - بەتلەر.

[11] سىماگۇاڭ: ««ئەلنى ئىدارە قىلىش ئۈرنەكلىرى» 218 - جىلد، 6997 - بەت.

[12] توققۇز ئوغۇز قەبىلە ئىتتىپاقى ھەققىدىكى ماقالىنى تۆۋەندىكى مەنبەلەردىن كۆرۈڭ: پۇللىي بىلانىك: «توققۇز ئوغۇز مەسىلىسى ھەققىدە بىر قانچە ئوبزور»، «ئورال - ئالتايشۇناسلىق يىلنامىسى»(UAJB) 28 - سان، 1956 - يىلى نەشرى، 39 - بەت؛ خامىلتون(J. R. Hamilton): «توققۇز ئوغۇز ۋە ئون ئۇيغۇر»، «ئاسىياشۇناسلىق ژۇرنىلى»(JA) 250 - سان، 1962 - يىلى نەشرى، 45 - بەت. كەمىنە بوگۇ خەۋېيىنىڭ تەرجىمىھالى ھەققىدە مەخسۇس ئىزدەنگەنىدىم ، بۇنى تۆۋەندىكى ماقالىدىن كۆرۈڭ: «بوگۇ خەۋېيىنىڭ تەرجىمىھالى ھەققىدە تەتقىقات»، «شەرق مەدەنىيەت - تارىخ ماتېرىياللىرى ۋە ئۇ ھەقتىكى مەسىلىلەرگە دائىر ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» 1 - توم، موسكۋا، روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى، 1989 - يىلى نەشرى، 31 — 35 - بەتلەر.

[13] سىماگۇاڭ: ««ئەلنى ئىدارە قىلىش ئۈرنەكلىرى» 219 - جىلد، 7007 - بەت؛ «يېڭى تاڭنامە» 43 - جىلد 7 - بەت.

[14] خانىدا تورۇ: «تاڭ دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تارىخى ھەققىدە تەتقىقات»، «دوكتور خانىدا تورۇنىڭ تارىخشۇناسلىققا دائىر ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» 1 - توم، كيوتو، 1957 - يىلى نەشرى، 157 — 324 - بەتلەر؛ ماككېراس(C. Mackerras): «ئۇيغۇر خانلىقى» ئاۋستىرالىيە ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1972 - يىلى، 17 - بەت.

[15] ئۇيغۇر شاھزادىسى قۇتلۇق تېگىن 768 - يىلى (بۇنىڭدا خاتالىق بار، 758 - يىلى بولۇشى كېرەك — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن) 8 - ئايدا 3000 ئاتلىق ئەسكەرنى باشلاپ چاڭئەنگە يۈرۈش قىلىپ ئالتە ئاي تۇرغاندىن كېيىن قايتقان. ئۇلار 759 - يىلى 4 - ئايدا شياڭ ئايمىقىدا بولغان ئۇرۇشقا قاتنىشىپ غەلىبە قىلالمىغان.

[16] كىلياشتورنىي(S. G. Klyashtorny): «موڭغۇلىيەنىڭ شەرقىي شىمالىدىن بايقالغان ئۇيغۇر بوگۇ قاغان مەڭگۈتېشى»، «مەركىزىي ئاسىيادا يېڭىدىن بايقالغان ۋەسىقىلەر ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، موسكۋا، 1987 - يىلى نەشرى، 19 — 37 - بەتلەر.

[17] «يېڭى تاڭنامە» 225 - جىلد، 6 - بەت.

[18] مالوۋ (S. E. Malov): ««موڭغۇللار ۋە قىرغىزلارنىڭ قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر»، موسكۋا - لېنىنگراد، 1959 - يىلى نەشرى، 753 - بەت؛ رامىستېد (G. Ramstedt): «شىمالىي موڭغۇلىيەدىن بايقالغان ئۇيغۇر رونىك يېزىقىدىكى ئىككى مەڭگۈتاش»، «فىن - ئۇگورشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى ژۇرنىلى»(JSFUO) 30 - توم 3 - سان، 1913 - يىلى نەشرى، 1 — 63 - بەتلەر.

[19] سىماگۇاڭ قاغان بىلەن گو زىيى كۆرۈشكەن ۋاقىتنى 756 - يىلى 12 - ئاينىڭ 4 - كۈنى دەپ، تونگرالار بىلەن ئۇرۇشقان ۋاقىتنى 756 - يىلى 12 - ئاينىڭ 7 - كۈنى دەپ خاتىرىلىگەن.

[20] ئابۇز يابغۇغا مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلارنى زېگلىدى(K. Czegledi)نىڭ 1973 - يىلى «شەرقشۇناسلىق ژۇرنىلى»(AOH)نىڭ 32 - تومىدا ئېلان قىلغان «گەردىزىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى ھەققىدە» دېگەن ماقالىسىدىن كۆرۈڭ.

*بۇ ماقالە دوكتور ياڭ فۇشۆ تەرجىمە قىلغان، گەنسۇ مىللەتلەر نەشرىياتى 2012 - يىلى نەشر قىلغان «ئۇيغۇرشۇناسلىققا دائىر تەرجىمە ماقالىلەر توپلىمى»دىن تەرجىمە قىلىندى.*

تەرجىمە قىلغۇچى: ئىمىن تاجى تۈرگۈن

# «چاقسا» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە


يۇنۇس سادىق

(قومۇل ۋىلايەتلىك مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىدىن)


قومۇل شەھىرىدىكى تۆت كوچا سودا كوچىسىنىڭ ئاياغ تەرىپىدە كىچىك بىر مەھەللە بار، كىشىلەر بۇ جاينى «چاقسا»، «چاقسا مەھەللىسى»، «چاقسا كۆۋرۈك»، «تاش كۆۋرۈك» دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتايدۇ. چاقسا مەھەللىسى ھازىرقى «ئۇيغۇرغول» رېستورانىنىڭ جەنۇبىدىكى چاقسا كۆۋرۈك ئەتراپى ۋە ئاۋۋالقى چاقسا مەسچىت يېنى بىلەن جەنۇبقا قاراپ سوزۇلۇپ ھاسار تۆۋىنىچە بولغان ئىككى يۈز-ئۈچ يۈز مېتىر كېلىدىغان كىچىك مەھەللىنىڭ نامى. بۇ نام شۇ يەردە ياشىغان خەلقلەرنىڭ ئۇزۇن يىللىق تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا قويۇلغان بولۇپ، شۇ دائىرىنى كۆرسىتىدىغان خاس ئىسىم بولۇپ قوللىنىلىپ كەلگەن.

«چاقسا» ئادەتتە ئىشىك، دەرۋازا، قوۋۇق دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ، دەرۋازا ياغاچتىن ياسالغان، ھويلا، قورۇلارنىڭ كىرىش ئېغىزىغا ئورنىتىلغان قوش قاناتلىق ئىشىكنى كۆرسىتىدۇ. «چاقسا» مۇ ھويلا، قورۇلارنىڭ كىرىش ئېغىزىغا ئورنىتىلغان، ئاددىي ئۇسۇلدا ياسالغان، قاناتلىرىنىڭ تارامىلىرىغا تاختاي ئورنىتىلماستىن، كۆزدە پىشقان تال ياكى قىرچىن چىۋىقلىرىدىن چىرايلىق قىلىپ توقۇپ ياسالغان ئىشىكنى كۆرسىتىدۇ.

تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا، 1727-يىلى قومۇلنى ساقلاۋاتقان چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ سانغۇنى يۈ جۇڭخې، فۇ نىڭئەنلەر لەشكەرلەر ۋە پۇقرالارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ قومۇل كونا شەھىرىنى بەرپا قىلغان. ئۇزۇن ئۆتمەي شەھەر ئىچىگە ئاشلىق ئىسكىلاتى، تۇرالغۇ ئۆي، كۆكتاتلىق قاتارلىق ئەسلىھەلەرنى بەرپا قىلىپ، سۇغا جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان. بۇنىڭ بىلەن لەشكەرلەر شەرقىي ئۆستەڭنىڭ تاشكۆل تۈگمەن دېگەن يېرىدىن ئېرىق چېپىپ، شەھەر ئىچىگە سۇ باشلاپ كەلگەن. بۇ ئېرىق ھازىرقى «ئۇيغۇرغول» رېستورانىنىڭ 25 مېتىرچە جەنۇبىدىكى ئەلەم سوفى دېگەن كىشىنىڭ ئۆيىنىڭ يېنىدىن شەرققە سوزۇلۇپ يولنى كېسىپ ئۆتكەن. ئەينى زاماندا بۇ ئېرىققا ئاددىيلا بىر كۆۋرۈك سېلىنغان. كېيىن ھەر خىل زوراۋانلىق قىلمىشلىرى ۋە كۆتۈلمىگەن ھادىسىلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، كونا شەھەرنى قوغداۋاتقان لەشكەرلەر كەچتە شەھەرگە كىرىدىغان كارۋانلارغا چەك قويۇش يۈزىسىدىن، 1780-يىللار ئەتراپىدا كۆۋرۈك بېشىغا ئاددىيلا چاقسا ياساپ بۇنى شەھەرگە كىرىش ئېغىزى قىلغان. كۆنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كىچىك ئېرىققا سېلىنغان كۆۋرۈك ۋە چاقسىمۇ كونىراپ كەتكەن. 1850-يىللارغا كەلگەندە شۇ ۋاقىتتىكى يەرلىك ھۆكۈمەت تاشچى ئۇستىلارنى تەكلىپ قىلىپ ئاۋۋالقى ياغاچ كۆۋرۈكنى كېڭەيتىپ تاختايلىق تاش كۆۋرۈككە ئۆزگەرتىپ، كۆۋرۈك بېشىغا ئورنىتىلغان چاقسىنىڭ ئورنىغا ياغاچتىن ياسالغان دەرۋازا ئورنىتىپ، شەھەر قىياپىتىنى ياخشىلىغان. شۇنىڭدىن باشلاپ چاقسا كۆۋرۈك «تاش كۆۋرۈك» دەپ، ئەمەت روزىلارنىڭ ئىشىكى ئالدىدىن دورىلىققا ئۆتىدىغان ئېرىققا سېلىنغان كۆۋرۈك «چاقسا كۆۋرۈك» (ئېگىز كۆۋرۈك) دەپ ئاتىلىدىغان بولغان. كېيىن كۆپ قېتىملىق توپىلاڭ، مالىمانچىلىقلارنىڭ تەسىرىدە ئېرىق، كۆۋرۈكلەر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ كونا شەھەرگە كىرىدىغان سۇ بەزىدە توختاپ قالغاچقا ئېرىق، كۆۋرۈكلەر بىر نەچچە قېتىم رېمونت قىلىنغان. 1873-يىلىدىكى بەي يەنخۇ يېغىلىقىدىن كېيىن كونا شەھەرنى قوغداۋاتقان چىڭ سۇلالىسى لەشكەرلىرى چاقسا قوۋۇقنى چىڭ ساقلاش بىلەن بىللە مۇداپىئەنى كۈچەيتىش ئۈچۈن،



چاقسا كۆۋرۈك (ئېگىز كۆۋرۈك)نىڭ 100 مېتىرچە جەنۇبىدىكى يولغا قوۋۇق ئورنىتىپ، قوۋۇقنىڭ ئىككى تەرىپىنى ئېگىز سوقما تام ئارقىلىق شەھەر سېپىلىغا تۇتاشتۇرۇپ يات كىشىلەرنىڭ شەھەر سېپىلىغا يېقىن كېلىشىنى توسقان. كىشىلەر بۇ قوۋۇقنى «گوتاسى قوۋۇق» دەپ ئاتىغان. ئاز كەم بىر ئەسىر ياشىغان پېشقەدەم مائارىپچى ياقۇپ بوسۇق ۋە ياقۇپ هاجى قاتارلىق كىشىلەر گوتاسى قوۋۇقنىڭ قاچانلاردا ئورنىتىلغانلىقى ھەققىدە ئېنىق بىر نەرسە دەپ بېرەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى چېڭ قوشۇنلىرى ياسىغانلىقى، 1930 ـ يىللارغىچە يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە قوۋۇق تۈۋرۈكلىرىنىڭ بارلىقىنى، شەرق تەرىپىدە ھاسارغا تۇتاشقان، غەرب تەرىپىدىمۇ ياردائىلىقىچە ئېگىز سوقما تامنىڭ بارلىقىنى، سوقما تاملارنىڭ ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 50 ــ 60 ـ يىللىرىغىچە ساقلانغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. ئۇلاردىن يەنە گوتاسى دېگەن ئاتالغۇنىڭ مەنىسىنى سورىغىنىمدا، گوتاسى قوۋۇق «تاشقىرقى قوۋۇق» دېگەن مەنىنى بېرىشى مۇمكىن، دەپ جاۋاب بەردى.

پېشقەدەملەرنىڭ ئېيتىشىچە، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە هازىرقى تۆت كوچا تېخى مۇكەممەل قۇرۇلۇپ بولالمىغاچقا، يەنىلا چاقسا ئەڭ ئاۋات بازارلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدىكەن. تىنچ يىللاردا چاقسا قوۋۇق مەخسۇس خادىم تەرىپىدىن ھەر كۈنى كەچتە ئېتىلىپ، ئەتىگىنى سەھەر ئېچىۋېتىلسە، شەھەرگە كىرىدىغان كىشىلەر ئوت ـ چۆپ، ئوتۇن ـ سامان، كۆكتات، قوغۇن ـ تاۋۇز، مېۋە ـ چېۋە، ئاشلىق قاتارلىق ھەر خىل يەرلىك مەھسۇلاتلىرىنى بازارغا ئەكىرىپ ساتىدىكەن. ئەگەر مالىمانچىلىق يۈز بەرسە چاقسا قوۋۇق ئېچىلمايدىكەن. كىشىلەر بۇنىڭغا قاراپ جاھاننىڭ تىنچ ياكى تىنچ ئەمەسلىكىنى پەرەز قىلىشىدىكەن. چاقسا قوۋۇق ئېچىلسا، گوتاسى قوۋۇقمۇ كەڭ ئېچىۋېتىلىپ، پۇقرالارنىڭ چاقسا ئەتراپلىرىدا بازار ئېچىشىغا يول قويۇلىدىكەن. 1907 ـ يىلى تورپاقلار يېغىلىقى، 1911 ـ يىللاردا تۆمۈر خەلپە قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلگەن يىللاردا چېڭ سۇلالىسى لەشكەرلىرى بىخەتەرلىكنى كۆزدە تۇتۇپ گوتاسى قوۋۇقنى چېڭ ئېتىپ، شەھەر ئامانلىقىنى قاتتىق قوغدىغان. 1915 ـ يىللارغا كەلگەندە جاھان تىنچىغاندىن كېيىن قوۋۇقنى ساقلاش بىر ئاز بوشىتىلغان بولسىمۇ، 1930 ـ يىللارغىچە ساقلانغان، شۇنىڭدىن كېيىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ ئېلىۋېتىلگەن. لېكىن چاقسا قوۋۇق داۋاملىق ساقلىنىپ تاكى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغىچە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلگەن.

1930 ـ يىلى شامەخسۇت ۋاڭ ئۆلگەندىن كېيىن، قومۇل ۋاڭلىرىنىڭ ئەمەلگە ۋارىسلىق قىلىش تۈزۈمى پەيدىنپەي ئەمەلدىن قېلىپ قومۇلنىڭ ھاكىمىيەت ئورگانلىرى چاقسا ئەتراپىغا مەركەزلىشىپ، چاقسا تېخىمۇ ئاۋات بازارغا ئايلانغان. بۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم بايلار ۋە ھەربىي ئەمەلدارلاردىن قاسىم جياۋلەن، ئىبراھىم فۇگۇەن، يىمىت فۇگۇەن، شاۋانباي، ئەلەم سوپى، سەدۇل قارى هاجى قاتارلىق كىشىلەر چاقسىغا كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. 1930 ـ يىللاردىن كېيىن يولۋاس قاتارلىق كىشلەر شەھەر رايونىنى سۇ بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، جۇجەم (ئۇجمە) دەرىخىدىن تاختاي تىلدۇرۇپ، ئاۋۋالقى تاشكۆل تۈگمەندىن چاقسىغا كېلىدىغان ئېرىقنىڭ ئىككى تەرىپىگە يېپىتىپ، ئېرىققا توپا سىيرىلىپ ئېرىقنىڭ بۇزۇلۇشىنىڭ ئالدىنى ئالغان. ھەر كۈنى سۇنىڭ مۇقىم ئېقىپ تۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن مەخسۇس ئادەم قويۇپ، كەچتە مەنبەنى ئېتىپ، ئەتىگەندە سۇ باشلاشنى تۈزۈملەشتۈرگەن.

ئازادلىقتىن كېيىن 60 ـ ، 70 ـ يىللارغىچە قومۇل ناھىيەلىك ھۆكۈمەت، شەھەرلىك خەلق دوختۇرخانىسى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى چاقسا ئەتراپىغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن چاقسا يەنىلا ئۆزىنىڭ ئاۋات بازارلىق، مەركەزلىك ئورنىنى يوقاتماي، كىشلەرنىڭ كۆزى چۈشىدىغان، ئولتۇراقلىشىشقا باب كېلىدىغان ئورۇن بولۇپ كەلگەن. بۇنىڭ بىلەن ئاۋۋالقى چاقسا مەسچىتىنىڭ ئالدىدىكى جەنۇبقا سوزۇلغان تار كوچىغا ئىبراھىم ئۇستام، غوجا ئەخمەت، ئابدۇۋاھىت بوسۇق قاتارلىق 50تىن ئارتۇق ئائىلە ماكانلىشىپ، 80 نەچچە ئائىلىدىن تەركىب تاپقان كۆجۈم مەھەللە شەكىللەنگەن.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شەھەر تەرەققىياتىنىڭ تېزلىشىشى ۋە كونا كەپە ئۆيلەرنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، چاقسا مەھەللىسىدىكى 84 ئائىلىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كونا ئۆيلەردىن يېڭى ئۆيلەرگە كۆچۈرۈلدى. ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزدىن قالغان «چاقسا» دېگەن نام ئاۋۋالقى ناھىيەلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ئورنىغا سېلىنغان ئائىلىلىكلەر تۇرالغۇ رايونىغا بېرىلىپ، «چاقسا مەھەللىسى» دەپ ئاتالدى.

تەھرىرلىگۈچى: ئابدۇرۇپ ئېلى

# ئارابوز ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش

**بۇرھانىدىن ئابدۇقادىر**

**(غۇلجا ناھىيە ياشلار دېھقانچىلىق مەيدانىدىن)**

بىز ئانا يۇرتنى سۆيۈپ، ئانا يۇرتنى گۈللەندۈرۈشنى ھەر بىر ئادەمدە بولۇشقا تېگىشلىك بىر ئەقەللىي ئەقىدە دەپ بىلىمىز. بىز ئانا يۇرتىمىزنى سۆيىمىز ھەم ئۇنى گۈللەندۈرىمىز دەيدىكەنمىز، چوقۇم ئانا يۇرت تارىخىدىن ئاز-تولا خەۋەردار بولۇشىمىز، ئۇنىڭغا ئائىت ئاغزاكى ماتېرىياللارنى يىغىشىمىز، تەھلىل قىلىشىمىز، ئەۋلادلارغا قالدۇرۇشىمىز لازىم.

مەن ئۆزۈم ئۆسۈپ چوڭ بولغان يۇرتۇمنىڭ تارىخىغا قىزىقىدىغانلىقىم ئۈچۈن، پۇرسەت بولسىلا چوڭلاردىن ۋە بوۋىلىرىمدىن بەزى ۋەقە-رىۋايەتلەرنى قىزىقىپ سورايتتىم. ئۆزۈم مۇھىم دەپ بىلگەنلىرىمنى خاتىرەمگە ئېلىپ قوياتتىم. مانا ئەمدى يۇرتۇم ئارابوز ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش ئىستىكىمنىڭ تۈرتكىسىدە قىسقىچە ماقالە يېزىپ چىقتىم. مېنىڭ ئىزدىنىشلىرىمنىڭ يۈزەكى تەرەپلىرىنى تارىختىن خەۋىرى بار ھەم تارىخ تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان پېشقەدەم ئۇستازلارنىڭ تولۇقلاپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

**1. ئارابوزنىڭ يەر شارائىتى**

يۇرتىمىز ئارابوز ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىكى تەڭرىتاغنىڭ بالا تېغى بولغان ئابرال تېغى ھەم ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى شىمالىي تاغ ئېدىرلىرىغا جايلاشقان. ئارابوز غۇلجا ناھىيە بازىرىغا 23 كىلومېتىر كېلىدۇ. شەرقتە ئۇنيار يېزىسى بىلەن، جەنۇبتا ئاقئۆستەڭنى چېگرا قىلىپ ئۈچئۇن خۇيزۇ يېزىسى بىلەن، غەربتە ئەۋلىيا، چۇلۇقاي يېزىلىرى بىلەن چېگرالىنىدۇ، شىمالى ئېدىرلىققا تۇتىشىدۇ. دۆلەت يولى 218-لىنىيەسى بولغان غۇلجا-كۈنەس تاشيولى مەيدانىنىڭ جەنۇبىي قىسمىنى كېسىپ ئۆتىدۇ، قاتنىشى قولايلىق.

**2. يەر نامى ھەققىدە**

ئارابوزدىكى يەر ناملىرى يۈزلۈكلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئارابوز دېھقانچىلىق مەيدانى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئاساسەن ئۇيغۇرلار ئۆزلەشتۈرگەن جايلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۆزلەشتۈرۈلگەن تارىخى 200 يىلدىن ئاشىدۇ.

چوڭلارنىڭ دېيىشىچە، ئارابوز بۇرۇن «پولاتيۈزى» دەپ ئاتالغانىكەن، توخۇچىيۈزىمۇ شۇنداق ئاتالغانىكەن، كېيىن مەھەللە نامى «تۇرپان مەھەللىسى»گە ئۆزگەرتىلگەنىكەن. يۇرتىمىزنىڭ «پولاتيۈزى» دەپ ئاتىلىشىدا بۇ ئىشنى ئىمىن ۋاڭ ھەم ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا باغلاشقا توغرا كېلىدۇ. مەرھۇم ئوغۇزخان ھاجىم سابىر ھاجى يازغان «ئىمىن ۋاڭ ۋە ئۇنىڭ لۈكچۈندە ئۆتكەن ئەۋلادلىرىنىڭ قىسقىچە تارىخى ھەم نەسەبنامىسى» دېگەن ماقالىدە دېيىلىشىچە، ئىمىن ۋاڭنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بىرى بولغان مۇساگۇڭ 1761 — 1768-يىلىغىچە ئىلىدا ھاكىمبەگ بولغان چاغلاردا خانلىقنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە، جەنۇبتىن ئىلىغا دېھقانچىلىق قىلىشقا



يۆتكەپ چىقىدىغان ئۇيغۇرلار ئىشىنى ھەل قىلىشقا مەسئۇل بولغان. مۇساگۇلڭ جەنۇبتىن ئېلىپ چىققان ئادەملەرنى ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى ئالتە سۇلۇق غولنىڭ سۈيى بىلەن ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۈچ سۇلۇق غولنى ئاساس قىلىپ 100 ئۆيلۈكنى بىر يېزا قىلىپ، بەزىلىرىنى شۇ يەرنىڭ نامى بىلەن ئاتىغان (مەسىلەن: بۆلۈكەي، قۇلىستاي دېگەنگە ئوخشاش)، بەزىلىرىنى ئۆزى توپلىشىپ چىققان يەرنىڭ نامى بىلەن (مەسىلەن: تۇرپانيۈزى، تۇرپان مەھەللىسى دېگەندەك) ئاتىغان («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 2012 - يىللىق 4 - سان).

يۇرتىمىزغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقانلارنىڭ كۆپىنچىسى تۇرپانلىق بولغاچقا، بۇ جاي «تۇرپان مەھەللىسى» دەپ ئاتالغان. «پولاتيۈزى» دەپ ئاتىلىپ قېلىشىدىكى سەۋەب، بەزى ياشانغان كىشىلەرنىڭ دېيىشىچە، پولات 1825 - يىلى مازار يېزىسىدا تۇغۇلغانىكەن، كېيىن بۆلۈكەيدىن ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇپ، شىمالىي تاغ ئېدىردىكى كۆز يەتكۈسىز بوز مۇنبەت تۇپراقنى كۆرۈپ بۇ يەرگە سۇ باشلاپ دېھقانچىلىق قىلىشقا كۆزى يەتكەن، كېيىن يەرلىكلەرنىڭ ھەم ئىلى ھاكىمبېگىنىڭ ماقۇللۇقى بىلەن ئادەم تەشكىللەپ دېھقانچىلىق قىلغان. مەن بۇ ماقالىنى يېزىش جەريانىدا پولاتنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىپ باقتىم. ماڭا ئۇچۇر بەرگەن كىشىلەر ئۇنىڭ بوۋىسىنىڭ ئاتۇشتىن چىققانلىقى، مازاردىن ئىبارەت ھاۋاسى ساپ، سۇلتان ئۇۋەيسخان ياتقان بۇ ئىللىق زېمىندا ئولتۇراقلىشىپ قېلىشنى لايىق تاپقانلىقىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ تۇغۇلغان يىللىرى بەلكىم 1790 - يىللىرى بولسا كېرەك. بۇ ھەقتە ئاتاقلىق يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ «ئانا يۇرت» رومانىدا نۇرغۇن ئۇچۇر بار. چوڭلار ھېلىمۇ پولات قوزنىڭ بوربوسۇن غولىدىكى سايىنىڭ سۈيىنى توققۇز ئۆيىنىڭ تۈۋىنى، پالتۇايىنىڭ يۇقىرىسىدىن ئۆستەڭ چېپىپ بۇ يەرلەرگە باشلاپ كەلگەنلىكىنى، كېيىن بۇ ئۆستەڭنىڭ «پولات ئۆستەڭ» دەپ ئاتىلىپ كەلگەنلىكىنى سۆزلىشىدۇ، ھازىرقى ئورنى قازاق بۆلۈكەي، بۆلۈكەي پويىز ئىستانسىسى، دۆلەت ئاشلىق ئىسكىلاتى ئەتراپلىرىغا توغرا كېلىدۇ. 1960 - يىللىرى ياشلار ئۆستىڭى چېپىلغاندىن كېيىن، بۇ ئۆستەڭنىڭ ئىزناسىمۇ قالمىغان. كېيىن بۇ نام يۇرتىمىزنىڭ جۇغراپىيەلىك يەر شارائىتىغا ئاساسەن «ئارابوز» دەپ ئاتالغان.

**3. ياشلار دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ قۇرۇلۇشى**

ياشلار دېھقانچىلىق مەيدانىنى قۇرۇشقا 1958 - يىلىدىن باشلاپ تەييارلىق قىلىنىپ، 1959 - يىلى قۇرۇلغان. ئۇ چاغدا بۇ مەيدان شىنجاڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش نازارىتىگە قارايتتى. كېيىنكى يىلى 8 - ئايدا «ياشلار دېھقانچىلىق مەيدانى» دەپ ئۆزگەرتىلدى. 1961 - يىلى دېھقانچىلىق نازارىتىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، تەجرىبە مەيدانى قىلىندى. 1963 - يىلى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش نازارىتىگە، كېيىنكى يىلى ئىلى ئوبلاستلىق مەيدان باشقۇرۇش باشقارمىسىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، 1970 - يىلى غۇلجا ناھىيەسىگە قايتۇرۇپ بېرىلىپ ناھىيەگە قاراشلىق مەيدان قىلىندى. 1978 - يىلى مەيدان تۇرۇشلۇق يەرنىڭ نامى بىلەن «ئارابوز ياشلار دېھقانچىلىق مەيدانى» دەپ ئاتالدى.1997 - يىلى ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن ھازىرقى نامى قوللىنىلدى. 1990 - يىلى بۇ مەيداندا يەتتە دېھقانچىلىق ئەترىتى (پونكىتى) بار بولدى.

مەيدان يېرى تاغ ئالدى يەلپۈگۈچسىمان تىنما بولۇپ، ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى 3 - دەرىجىلىك پەلەمپەي يەرگە كىرىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن 240 — 849 مېتىر ئېگىز، شامال كۆپ چىقىدۇ. شىمالىي قاپتىلى تەتۈر تېمپېراتۇرا بەلبېغى بولۇپ، ئورمانچىلىق ۋە باغۇەنچىلىككە باب كېلىدۇ. ياشلار ئۆستىڭى بىلەن توقاي ئۆستىڭى بۇ مەيداندىن ئېقىپ ئۆتىدۇ.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى نەتىجىسىدە 1985 - يىلى بۇ مەيداندا

ئائىلە دېھقانچىلىق مەيدانى شەكلىدىكى مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئىقتىساد تېز يۈكسەلدى. ئىگىلىك تېپىدا ئۆزگىرىش بولۇپ، توخۇ باقمىچىلىقى ۋە باشقا باقمىچىلىق كەسىپلىرى بازار تاپتى. 1960-يىللاردا خۇبېي ھەم جياڭسۇنىڭ نەنتۇڭ دېگەن يېرىدىن چېگرا رايون قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن كەلگەن ياشلار بۇ يەرگە كۆپرەك ئورۇنلاشتى، ھازىر ئۇلار ياشىنىپ قالدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مەيدان تېرىقچىلىق، باغۋەنچىلىك كەسىپلىرىدە پەن-تېخنىكا ئارقىلىق ئۈنۈمنى تېز ئاشۇرماقتا، يېزا ئىگىلىك مۇئەسسەسىلىرىنى ياخشىلاش، تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلارنى گۈللەندۈرۈش جەھەتتىمۇ تېز ئىلگىرىلىمەكتە.

**4. ئارابوزدىكى مەسچىتلەر ھەم بۇ يەردىن چىققان مەشھۇر شەخسلەر ھەققىدە**

1) ئارابوزدىكى تۇنجى مەسچىت 19-ئەسىرنىڭ 40-يىللىرىدا سېلىنغان. چوڭلارنىڭ دېيىشىچە، بۇ مەسچىتكە 1840 — 1880-يىلىغىچە موللا خەلپەت ئىمامەتچىلىك قىلغان.

2) 1880-يىللىرى بولسا كېرەك، ھازىرقى چوڭ مەسچىتتىن 100 مېتىر يىراقلىقتىكى ۋاسىت كامىلنىڭ ئۆيىنىڭ ئورنىغا ئايۇپكامىنىڭ بوۋىسى تەرىپىدىن 2-مەسچىت سېلىنغان. بۇ مەسچىتكە 1880 — 1900-يىللىرىغىچە موللا سابىر ئاخۇنۇم، 1900 — 1930-يىللىرىغىچە سوپى موللام، 1930 — 1940-يىللىرىغىچە بېشىر ئاخۇن دېگەن كىشىلەر ئىماملىق قىلغان. 1939-يىلى بېشىر ئاخۇنۇم ئۆزى پۇل چىقىرىپ بۇ مەسچىتنى يېڭىلاپ سالدۇرغان. 1940 — 1950-يىلىغىچە بېشىر ئاخۇنۇمنىڭ ئوغلى ئابلىكىم مەخسۇت، 1950 — 1986-يىلىغىچە ئابدۇروسۇل ئىمىرشا ئىماملىق قىلغان. ئارابوز مەسچىتىگە 1986-يىلىدىن باشلاپ ھازىرغىچە مەھمۇدەن ئوغلى ئەكرەم ھاجىم ئىماملىق قىلىۋاتىدۇ. 2005-يىلى بۇ مەسچىت قايتا ياسالدى. تۆۋەنكى مەھەللە مەسچىتى ئارابوزدىكىلەرنىڭ ئولتۇراقلىشىش ئېھتىياجىغا ئاساسەن 1917-يىللىرى سېلىنغان، بۇ مەسچىتكە دەسلەپتە ئابدۇروسۇل ئوغلى ئىمىرشا ئىماملىق قىلغان. 1966-يىلى ئەسلىدىكى مەسچىت يولغا توغرا كېلىپ قېلىپ چېقىۋېتىلگەن، 1995-يىلى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ تەستىقلىشى بىلەن يېڭى مەسچىت سېلىنغان، بۇ مەسچىتكە شۇ چاغدا مۇھەممەت ئۆمەر ئىماملىق قىلغان. 2008-يىلى مۇھەممەت پالتا دېگەن ئادەمنىڭ ئولتۇراق ئۆيى قوشۇپ ئېلىنىپ، ھازىرقى تۆۋەنكى مەھەللە مەسچىتى كېڭەيتىپ سېلىندى. بۇ مەسچىتكە مەھمۇتجان ئوغلى ئىبراھىم ئىمامەتچىلىك قىلماقتا.

بىز ئارابوزنىڭ تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، بۇ يۇرتتىن نۇرغۇن مەشھۇر تارىخىي شەخسلەرنىڭ چىققانلىقىنى بىلىمىز. بۇلاردىن 11 ماددىلىق بىتىمنى تۈزۈش ۋاقتىدا ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ۋەكىللىرىنىڭ بىرى بولغان رەخىمجان سابىر ھاجىيوف، داڭلىق باي ئەكرەم باي (ئۇنىڭ قىزى تولۇنئاي 77 ياشلاردا بولۇپ غۇلجا شەھىرىدە ) قاتارلىقلارنى تىلغا ئېلىشقا بولىدۇ. ئۇلاردىن باشقا، ئازادلىقتىن كېيىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ دەم ئېلىشقا چىققان ئاتاقلىق ئەدىب ھەم جامائەت ئەربابى مىجىت ناسىر، 2013-يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئارابوزدا ۋاپات بولغان ناخشىچى ئاتاي مۇھەممەت، ئارابوز ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇدىرى، ئالىي ئوقۇتقۇچى غەنى ۋەكىلى، ئىلى خەلق ناخشىلىرىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئېيتىپ ئەل ئىچىدە شۆھرەت قازانغان ئەخمەتجان ئەختەم، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ رىياسەتچىسى ئۈمىد غەنى قاتارلىقلارنى تىلغا ئېلىشقا بولىدۇ.

تەھرىرلىگۈچى: غوجائەخمەت يۇنۇس

# رىۋايەتلەردىكى «يەجۇج - مەجۇجلەر» ھەققىدە

ئەخمەت مۆمىن تارىمى

(نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ دوكتورانتى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ كاندىدات ئالىي مۇھەررىرى)

«يەجۇج - مەجۇجلەر» رىۋايەتلەردە كۆپ تىلغا ئېلىنىدىغان بىر پەۋقۇلئاددە قەۋم بولۇپ، مۇقەددەس «قۇرئان كەرىم»دە، «ھەدىس شەرىف»تە ۋە «ئىنجىل»دا ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان. جۈملىدىن، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 4 - ئەسىردە ئۆتكەن ماكېدونىيەلىك ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىش جەريانىدا، شەرقتىكى تولىمۇ يىراق بىر جايدا ئىنتايىن مۇستەھكەم بىر سېپىل ياساپ، ياۋايى قەۋملەردىن، يەنى «يەجۇج - مەجۇجلەر»دىن مۇداپىئە كۆرگەنلىكى ھەققىدىكى رىۋايەتلەر زامان - زامانلاردىن بۇيان شەرق ۋە غەرب دۇنياسىدا كەڭ تارقىلىپ، «يەجۇج - مەجۇجلەر» بىلەن ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىشى بىر - بىرىگە زىچ باغلىنىپ، دەۋرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇنىڭغا تېخىمۇ ئەپسانە تۈسى قوشۇلۇپ، بۇ ھەقتە نۇرغۇن ئەسەرلەر مەيدانغا كېلىپ، بۇ ۋەقە تېخىمۇ قويۇق ئەپسانە - رىۋايەت تۈسىگە ئىگە قىلىنغان. «قۇرئان كەرىم»، «ھەدىس شەرىف» ۋە «ئىنجىل» قاتارلىق مۇقەددەس كىتابلارغا ئاساسلانغاندا، «يەجۇج - مەجۇجلەر» قىيامەت كۈنى كېلىشتىن بۇرۇن تاغ ئىچىگە بەند قىلىنىپ باشقا ئىنسانلاردىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ؛ قىيامەت كۈنى كېلەي دېگەندە بولسا تاغدىن چىقىپ ئىنسانلارنى ھالاك قىلىدۇ. قەدىمدىن بۇيان مەيلى شەرق مۇسۇلمان دۇنياسىدا بولسۇن ياكى غەرب خىرىستىيان دۇنياسىدا بولسۇن، مۇشۇ نۇقتىدىن چىقىپ ئۆزلىرىنىڭ ئۈستىگە باستۇرۇپ كەلگەن دەھشەتلىك «بەدەۋى» قەۋملەرنى «يەجۇج - مەجۇجلەر» بىلەن باغلاپ قارايدىغان ئەھۋال بولغان. مەسىلەن، قەدىمكى غەربلىكلەر ئۆزلىرىگە دەھشەت سالغان سىكتىيالار (ساكلار)، ھۇنلار، شۇنداقلا ھەتتا كېيىنكى تۈركلەرنى، مۇسۇلمانلار بولسا ئۇتتۇرا ئەسىردىكى مۇڭغۇللارنى مۇشۇنداق قارىغان. ئەمما، ئۇلارنى «يەجۇج - مەجۇجلەر» بىلەن باغلاش پەقەت ئۇلارنىڭ كەلتۈرگەن دەھشىتىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، يۇقىرىدىكى مۇقەددەس كىتابلاردا ئېيتىلغاندەك «يەجۇج - مەجۇجلەر» پەقەت قىيامەت كۈنى كېلەي دېگەندىلا ئاندىن پەيدا بولۇپ ئىنسانلار ئۈستىگە باستۇرۇپ كېلىدۇ.

ئۇنداقتا، «يەجۇج - مەجۇجلەر» زادى قانداق قەۋم؟ ئۇلار دۇنيانىڭ قەيېرىدە؟ ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ياساتقان سېپىل زادى قەيەردە؟ بۇ مەسىلىلەر توغرىلىق دەۋرلەردىن بۇيان كىشىلەر نۇرغۇن ئىزدەنگەن، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىش جەريانىدا بارغان ئەڭ يىراق جايىنىڭ ھىندى دەرياسى ۋادىسى ئىكەنلىكىنى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ قوشۇنىنى قايتۇرۇپ كەتكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، «ئىسكەندەر سېپىلى»نى ۋە «يەجۇج - مەجۇجلەر» زېمىنىنى ئەرمەنىيە بىلەن ئەزەربەيجاننىڭ ئارىلىقىدا، يەنى كافكاز تېغىدا دەپ قاراپ كەلگەن. ئەمما كېيىن تەتقىقاتچىلار مىلادىيە 9 - ئەسىرنىڭ بېشىدىن 10 - ئەسىرنىڭ بېشىغىچە، يەنى تەخمىنەن مىلادىيە 820 - يىلىدىن 911 - يىلىغىچە ياشاپ ئۆتكەن ئەرەب جۇغراپىيەشۇناسى ئىبنى خورداذبېھنىڭ «al - Masālik al - Mamālik» («يول ۋە ئەللەر تەزكىرىسى») دېگەن ئەسىرىدە خاتىرىلىگەن سالام ئىسمىلىك تەرجىماننىڭ شەرققە سەپەر قىلىش جەريانىدا كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى تەتقىق قىلىش

ئىلمىي مۇھاكىمە

نەتىجىسىدە بۇ توغرىدا باشقىچە قاراشقا كەلگەن.

**مۇقەددەس «قۇرئان كەرىم»دە «يەجۇج ـ مەجۇجلەر»**

مۇقەددەس «قۇرئان كەرىم» (ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى) دە «يەجۇج-مەجۇجلەر» ھەققىدە مۇنداق بايانلار بار: «زۇلقەرنەيىن (اللە ئۇنىڭغا ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگەن) يولغا ماڭدى(85). ئۇ كۈنپېتىش تەرەپكە يېتىپ بارغاندا، كۈننىڭ قارا لايلىق بۇلاققا پېتىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ بۇلاقنىڭ يېنىدا بىر تۈرلۈك قەۋمنى ئۇچراتتى. بىز: ‹ئى زۇلقەرنەيىن! سەن ئۇلارنى جازالىغىن ياكى ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلىدە بولغىن› دېدۇق(86). زۇلقەرنەيىن ئېيتتى: ‹كىمكى زۇلۇم قىلغان بولسا، بىز ئۇنى جازالايمىز، ئاندىن ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدۇ، پەرۋەردىگارى ئۇنى قاتتىق جازالايدۇ(87). كىمكى ئىمان ئېيتسا ۋە ياخشى ئەمەل قىلسا، ئۇنىڭغا ئەڭ ياخشى مۇكاپات بېرىلىدۇ، ئۇنى قولاي ئىشقا بۇيرۇيمىز› (88). ئاندىن زۇلقەرنەيىن (اللە ئۇنىڭغا قولايلىق قىلىپ بەرگەن) يولغا ماڭدى(89). زۇلقەرنەيىن كۈن چىقىش تەرەپكە بارغاندا، كۈننىڭ شۇنداق بىر قەۋمنىڭ ئۈستىگە چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆردىكى، ئۇ قەۋمگە بىز (كۈننىڭ ھارارىتىدىن) ساقلىنىدىغان (كىيىم، ئىمارەت قاتارلىق) نەرسىلەرنى ئاتا قىلمىدۇق(90). ئەھۋال شۇنداق بولدى (يەنى زۇلقەرنەيىن كۈنچىقىش تەرەپتىكى كىشىلەرگىمۇ كۈنپېتىش تەرەپتىكى كىشىلەرگە قىلغان مۇئامىلىنى قىلدى). بىز ئۇنىڭ قولىدىكى نەرسىلەردىن تولۇق خەۋەردار ئىدۇق(91). ئاندىن ئۇ (اللە ئۇنىڭغا قولايلىق قىلىپ بەرگەن) يولغا ماڭدى(92). زۇلقەرنەيىن ئىككى تاغ ئارىسىغا يېتىپ بارغاندا، ئىككى تاغ ئالدىدا ھېچقانداق سۆزنى چۈشەنمەيدىغان (يەنى ئۆزىنىڭ تىلىدىن غەيرىي تىلنى بىلمەيدىغان) بىر قەۋمنى ئۇچراتتى(93). ئۇلار: ‹ئى زۇلقەرنەيىن! يەجۇج بىلەن مەجۇج يەر يۈزىدە ھەقىقەتەن بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلاردۇر، بىز بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىغا بىر توسما سېلىپ بېرىشىڭ ئۈچۈن ساڭا بىرقىسىم مېلىمىزنى (باجغا ئوخشاش) تۆلىسەك بولامدۇ؟› دېدى(94). زۇلقەرنەيىن ئېيتتى: ‹اللەنىڭ ماڭا بەرگەن نەرسىلىرى (يەنى كۈچ-قۇۋۋەت ۋە پادىشاھلىق سىلەرنىڭ ماڭا بېرىدىغان مېلىڭلاردىن) ئارتۇقتۇر، ماڭا ئادەم كۈچى ياردەم قىلىڭلار، ئۇلار بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلارغا مۇستەھكەم بىر توسما سېلىپ بېرەي(95). ماڭا تۆمۈر پارچىلىرىنى ئېلىپ كېلىڭلار (تۆمۈر پارچىلىرى دۆۋىلىنىپ)، ئىككى تاغنىڭ ئارىسى تەكشى بولغاندا، كۆيۈكلەرنى بېسىڭلار، تۆمۈر پارچىلىرى (قىزىپ) ئوتتەك بولغاندا، ئۇ: ‹ماڭا (ئېرىتىلگەن مىسنى) بېرىڭلار، ئۈستىگە تۆكەي› دېدى(96). ئۇلار (يەجۇج-مەجۇج) ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىشقىمۇ، ئۇنى تېشىشكىمۇ قادىر بولالمىدى(97). زۇلقەرنەيىن ئېيتتى: ‹بۇ (يەنى توسمىنىڭ بەرپا قىلىنىشى) پەرۋەردىگارىمنىڭ نېمىتىدۇر، پەرۋەردىگارىمنىڭ ۋەدىسى ئىشقا ئاشقاندا، ئۇ ئۇنى تۈپتۈز قىلىۋېتىدۇ، پەرۋەردىگارىمىزنىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر› (98)»(18 ـ سۈرە كەھف). «بىز ھالاك قىلغان شەھەر (ئاھالىسى)نىڭ دۇنياغا قايتىشى مۇمكىن ئەمەس(95). يەجۇج-مەجۇج (توسمىسى) ئېچىۋېتىلگەندە، ئۇلار زېمىننىڭ ھەر بىر تۆپىلىكلىرىدىن ئالدىراپ چىقىپ كېلىدۇ(96)» (21 ـ سۈرە ئەنبىيا)[1].

**«سالامنىڭ شەرققە سەپەر قىلىش خاتىرىسى»دىكى «ئىسكەندەر سېپىلى»**

ئىبنى خورداد بېھنىڭ «يول ۋە ئەللەر تەزكىرىسى» دېگەن ئەسىرىدە خاتىرىلىگەن سالام ئىسىملىك تەرجىماننىڭ شەرققە سەپەر قىلىشىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى مۇنداق: ئەينى چاغدىكى ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ خەلىپىسى ۋاسىق بىللاھ (Al-Wāthiq billāh، مىلادىيە 842 ـ يىلى تەختتە ئولتۇرۇپ 847 ـ يىلى ۋاپات بولغان) چۈشىدە ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن «يەجۇج-مەجۇجلەر»نى توسۇش ئۈچۈن سالدۇرغان سېپىلنىڭ ئۆرۈلۈپ چۈشكەنلىكىنى كۆرۈپ، پايتەختتىكى 30 خىل تىلنى بىلىدىغان سالام ئىسىملىك تەرجىماننى ئەھۋالنى بىلىپ كېلىش ئۈچۈن نۇرغۇن ئادەم، ئات-ئۇلاغ ۋە پۇل-مال بىلەن كۈنچىقىشقا — شەرققە ئەۋەتكەن. سالام خەلىپىنىڭ مەكتۇپىنى ئېلىپ، 16 ئاي ۋاقىت سەرپ قىلىپ شۇ سېپىلغا بارغان ۋە سېپىلنىڭ ساق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، سېپىلنىڭ قوۋۇقىدىن بىر پارچە تۆمۈرنى ئېلىۋالغان ھەم يەنە 12 ئاي ۋاقىت سەرپ قىلىپ پايتەختكە قايتىپ كېلىپ ئۇ تۆمۈرنى خەلىپىگە كۆرسەتكەن. ئىبنى خورداد بېھ نەق مۇشۇ سالامنىڭ ئاغزىدىن ئۇنىڭ شەرققە سەپەر قىلىش جەريانىدىكى كۆرگەن-بىلگەنلىرىنى تەپسىلىي خاتىرىلىۋېلىپ، بۇنى

ئۆز ئەسىرىگە كىرگۈزگەن. «يول ۋە ئەللەر تەزكىرىسى» دېگەن بۇ ئەسەردە بۇ توغرىدا مۇنداق بايانلار بار:

«تەرجىمان سالام ماگا شۇلارنى ئېيتىپ بەردى: ۋاسىق بىللاھ چۈشىدە زۇلقەرنەيىن سالدۇرغان، بىز بىلەن يەجۇج-مەجۇجلەرنىڭ ئارىسىنى توسۇپ تۇرىدىغان سېپىلنىڭ ئۆرۈلۈپ چۈشكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئەھۋالنى بىلىپ كېلىش ئۈچۈن ئۇ يەرگە كىشى ئەۋەتمەكچى بولغانىكەن...شۇنىڭ بىلەن مېنى چاقىرتىپ: ‹مەن سېنى ئۇ سېپىلنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ كېلىش ئۈچۈن ئەۋەتمەكچى، قايتىپ كېلىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلىسەن› دېدى ۋە ماگا 50 قاۋۇل يىگىتنى قوشۇپ بەردى. ماگا تاپان ھەققىم ئۈچۈن بەش مىڭ دىنار، ئون مىڭ دەرھەم، 50 يىگىتنىڭ ھەربىرىگە مىڭ دىنار ۋە بىر يىللىق تەمىنات بەردى... بىز ۋاسىق بىللاھنىڭ ئەرمەنىيە ۋالىيسى ئىسھاق بىننى ئىسمائىلغا يازغان خېتىنى ئېلىپ ساماررا (ئابباسىيلار خەلىپىسىنىڭ 836 - يىلى بىنا قىلدۇرغان يېڭى پايتەختى)دىن ئاتلاندۇق... كېيىن بىز ۋەيران قىلىنغان شەھەر-بازارلارغا كەلدۇق ۋە ئۇ يەرلەردە 20 كۈن ماگدۇق. سۈرۈشتۈرسەك، بۇ شەھەر-بازارلارنى يەجۇج-مەجۇجلەر بېسىپ كىرىپ ۋەيران قىلغانىكەن ... بىز يەنە ‹ايكە› دېيىلىدىغان بىر شەھەرگە كەلدۇق. شەھەرنىڭ ئايلانمىسى 10 فەرسەخ (بىر فەرسەخ تەخمىنەن ئالتە كىلومېتىرغا تەڭ) بولۇپ، بىرنەچچە تۆمۈر قوۋۇقى بار ئىكەن. قوۋۇقلار يۇقىرىدىن تۆۋەنگە ئېچىلىدىكەن (يەنى ئاسما قوۋۇق دېمەكچى). شەھەردە ئېتىز، باغلار ھەم تۈگمەنلەر بار ئىكەن. زۇلقەرنەيىن بۇرۇن مۇشۇ شەھەردە قوشۇنىنى چۈشكۈن قىلدۇرغانىكەن.

بۇ شەھەر بىلەن سېپىلنىڭ (ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن سالدۇرغان سېپىلنى دېمەكچى) ئارىلىقى ئۈچ كۈنلۈك يول ئىكەن. ئارىلىقتا بەزى قەلئەلەر ۋە كەنتلەر بار ئىكەن. 3 - كۈنى بىز سېپىلنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدۇق. ئۇ يەردە بىر يۇمىلاق تاغ بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، يەجۇج-مەجۇجلەر ئاشۇ تاغنىڭ ئىچىدە تۇرىدىكەن. يەجۇجلەر بىلەن مەجۇجلەر ئايرىم بولۇپ، يەجۇجلەر مەجۇجلەرگە قارىغاندا ئېگىزرەك ئىكەن، بويى ئالاھەزەل بىر بېلەكتىن بىر يېرىم بېلەككىچە كېلىدىكەن (بېلەك — شۇ زاماندىكى ئەرەب — ئىسلام دۇنياسىدىكى ئۆلچەم بىرلىكى بولۇپ، جەينەكتىن بارماقنىڭ ئۇچىغىچە بولغان ئارىلىق بىر بېلەك بولىدۇ، تەخمىنەن ھازىرقى 54.04 سانتىمېتىرغا توغرا كېلىدۇ).

ئاندىن بىز بىر ئېگىز تاغقا كەلدۇق. تاغنىڭ چوققىسىدا قەلئە بار ئىكەن. زۇلقەرنەيىن سالدۇرغان سېپىل دەل ئىككى تاغنىڭ ئارىسىدىكى كەڭلىكى 200 بېلەك كېلىدىغان ئېغىزغا قوپۇرۇلغانىكەن. يەجۇج-مەجۇجلەر (كەلگۈسىدە) سىرتقا چىقماقچى بولسا مۇشۇ يەردىن ئۆتىدىكەن.

ئۇ (زۇلقەرنەيىن) بۇ جايدا (سېپىلنىڭ ئۇلى ئۈچۈن) يەرنى 30 بېلەك چوڭقۇرلۇقتا كولاپ، تاكى يەر يۈزىگىچە تۆمۈر ۋە مىس بىلەن قۇيۇپ چىققانىكەن. ئاندىن تاغ ئېغىزىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ھەربىرىنىڭ كەڭلىكى 25 بېلەك، ئېگىزلىكى 50 بېلەك كېلىدىغان ئىككى قوۋۇق تۈۋرۈكى ئورناتقانىكەن. تۈۋرۈكنىڭ تەگلىكى تۈۋرۈكتىن ئون بېلەكچە كەڭ ئىكەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى مىس ئارىلاشتۇرۇلغان تۆمۈر كېسەكلەردىن قۇيۇلغان بولۇپ، ھەربىر پارچە تۆمۈر كېسەكنىڭ ئۇزۇنلۇقى ۋە كەڭلىكى 1.5 بېلەك، قېلىنلىقى تۆت ئۇسباڭ كېلىدىكەن (بىر ئۇسباڭ 3.12 سانتىمېتىرغا تەڭ). تۈۋرۈكلەرنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان لىممۇ تۆمۈردىن ياسالغان بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 120 بېلەك كېلىدىكەن. تۈۋرۈكلەرگە تېگىشىپ تۇرىدىغان يېرىلا 10 بېلەك ئۇزۇنلۇقتا، بەش بېلەك كەڭلىكتە ئىكەن. لىمنىڭ ئۈستىدە مىس ئارىلاشتۇرۇلغان تۆمۈر كېسەكتىن قۇيۇلغان بىر ئىمارەت بولۇپ، ئېگىزلىكى تەخمىنەن 60 بېلەك كېلىدىكەن، تاكى تاغنىڭ كۆز يېتىدىغان چوققىسىغىچە سوزۇلغانىكەن. بۇ ئىمارەتنىڭ ئۈستىدە تۆمۈردىن ياسالغان نۇرغۇن كۈنگۈرىلەر بولۇپ، ... ھەربىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بەش بېلەك، كەڭلىكى تۆت بېلەك كېلىدىكەن. (سېپىلنىڭ) ئۈستىدە جەمئىي 37 كۈنگۈرە بار ئىكەن.

قوۋۇق قوش قاناتلىق ھەم ئېتىلگەن قوۋۇق بولۇپ، ھەربىر قانىتىنىڭ كەڭلىكى 50 بېلەك، ئېگىزلىكى 75 بېلەك، قېلىنلىقى بەش بېلەك كېلىدىكەن... مەيلى قوۋۇقتىن بولسۇن ياكى تاغنىڭ ئۈستىدىن بولسۇن شامالمۇ ئۆتەلمەيدىغان بولۇپ،

(سىپىلنىڭ) ئاجايىپ پۇختىلىقىغا گەپ كەتمەيدىكەن.

قوۋۇقتا يەر يۈزىدىن 25 بېلەك ئېگىزلىكتە ئۇزۇنلۇقى يەتتە بېلەك، كەڭلىكى بىر بېلەك، توملۇقى بىر غۇلاچ (تەخمىنەن 166.65 سانتىمېتىرغا تەڭ) كېلىدىغان بىر تاقاق (دەم) بولۇپ، ئىككى ئادەمنىڭمۇ قۇچىقى يەتمەيدىكەن. تاقاقنىڭ بەش بېلەك ئۈستىدە بىر قۇلۇپ بولۇپ،... ئىككى تال تىلىنىڭ ھەربىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئىككى بېلەك كېلىدىكەن. قۇلۇپقا ئۇزۇنلۇقى 1.5 بېلەك كېلىدىغان، 12 چىشى بار بىر ئاچقۇچ ئىلىقلىق بولۇپ، ... قوۋۇققا كەپشەرلىۋېتىلگەن، ئۇزۇنلۇقى سەككىز بېلەك كېلىدىغان تۆمۈر زەنجىرگە ئېسىلغانىكەن...

قوۋۇقنىڭ بوسۇغىسى 10 بېلەك كەڭلىكتە بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 100 بېلەككە يېتىدىكەن...

قوۋۇق بار يەردە ئىككى قەلئە بولۇپ، ھەربىر قەلئەنىڭ كۆلىمى 200×200 بېلەك كېلىدىكەن...

بۇ قەلئەلەرنىڭ بەگلىرى ھەر دۈشەنبە ۋە پەيشەنبە كۈنلىرى ئاتلىق چىقىپ، نۆۋەتلىشىپ قوۋۇقنى باقىدىكەن. ... ھەربىرى چىققاندا ئۈچ ئادەمنى ئەگەشتۈرۈپ چىقىدىكەن. بۇ ئۈچ ئادەمنىڭ ھەربىرى مۈرىسىگە كىچىك تۆمۈر توقماقنى ئېلىۋالىدىكەن. قوۋۇققا چىقىدىغان بىر پەشتاق بولۇپ، بەگ مۇشۇ پەشتاقنىڭ ئەڭ ئۈستىگە چىقىپ، كۈن چىققاندا قوۋۇقتىكى قۇلۇپنى بىر قېتىم شاراقشىتىدىكەن، بۇچاغدا ئۇلار (يەجوج-مەجوجلەر) تەرەپتە خۇددى سېرىق ھەرىلەرنىڭ ئۇۋىسى چۇۋۇلغاندەك شاۋقۇن-سۈرەن ئاڭلىنىپ بىردەمدىن كېيىن جىمىپ قالىدىكەن. كۈن چۈش بولغاندا، بەگ 2-قېتىم قۇلۇپنى شاراقشىتىپ، قۇلىقىنى قوۋۇققا يېقىپ ئۇ تەرەپتىكى ئاۋازغا قۇلاق سالىدىكەن، بۇ چاغدا ئۇلار (يەجوج-مەجوجلەر) ئالدىنقى قېتىمقىدىنمۇ بەكرەك شاۋقۇن-سۈرەن قىلىپ، يەنە بىردەمدىن كېيىن جىمىپ قالىدىكەن. دىگەر ۋاقتى بىلەن بەگ يەنە بىر قېتىم قۇلۇپنى شاراقشىتىدىكەن، بۇ چاغدا قوۋۇقنىڭ ئۇ تەرىپىدىن يەنە شۇنداق شاۋقۇن-سۈرەن كۆتۈرۈلىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن بەگ تاكى قاش قارايغۇچە ئولتۇرۇپ ئاندىن كېتىدىكەن. ئۇنىڭ قۇلۇپنى شاراقشىتىپ قوۋۇقنى قېقىشتىكى مەقسىتى قوۋۇقنىڭ ئۇ تەرىپىدىكىلەرگە (يەجوج-مەجوجلەرگە) بۇ يەرنى بېقىۋاتقان ئادەم بارلىقىنى، قوۋۇقنىڭ بۇ تەرىپىدىكى ئەھۋالنىڭ ھېچ ئۆزگەرمىگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئىكەن. ...

سالام شۇلارنى ئېيتتى: مەن ئەتراپتىكى قەلئەدىكى كىشىلەردىن: «ئەجەبا بۇ قوۋۇقنىڭ ئازراقمۇ نۇقسانى يوقمۇ؟» دەپ سورىسام، ئۇلار: «كىچىككىنە بىر يېرىقىدىن باشقا ھېچقانداق نۇقسانى يوق، بۇ يېرىق بەك كىچىك» دېدى. مەن يەنە: «سىلەر بىرەر چاتاق چىقىشىدىن ئەنسىرىمەمسىلەر؟» دېسەم، ئۇلار: «ياق! بۇ قوۋۇقنىڭ قېلىنلىقى بەش بېلەك كېلىدۇ، يەنە كېلىپ بۇ ئىسكەندەرنىڭ بىلىكى بىلەن ئۆلچەنگەن» دېدى. ...

ئۇ (سالام) يەنە شۇلارنى ئېيتتى: مەن قوۋۇققا يېقىن بېرىپ، قىلىچىمنى چىقىرىپ قوۋۇقنىڭ ھېلىقى يېرىقىدىن چوڭلۇقى يېرىم دەرھەمچىلىك كېلىدىغان بىر پارچە تۆمۈرنى كېسىۋېلىپ، (خەلىپە) ۋاسىق بىللاھقا كۆرسىتىش ئۈچۈن ئۇنى قولياغلىقىمغا مەھكەم ئوراۋالدىم.

قوۋۇقنىڭ ئوڭ قانىتىنىڭ ئەڭ ئۈستىدە مۇقەددەس يېزىق («قۇرئان كەرىم»نىڭ يېزىقى، يەنى ئەرەب يېزىقىنى دېمەكچى) بىلەن تۆمۈردە نەقىشلەپ يېزىلغان «پەرۋەردىگارىمنىڭ ۋەدىسى ئىشقا ئاشقاندا، ئۇ ئۇنى تۈپتۈز قىلىۋېتىدۇ، پەرۋەردىگارىمنىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر» («قۇرئان كەرىم» 18-سۈرە كەھف) دېگەن ئايەت بار ئىكەن. ...

مەن ئۇيەردىكىلەردىن: «سىلەر بىرەر يەجوج-مەجوجنى كۆردۈڭلارمۇ؟» دەپ سورىسام، ئۇلار بىر قېتىم تاغ ئۈستىدە كۆرگەنلىكىنى، ئەمما شۇ چاغدا قارابوران چىقىپ كېتىپ ئۆزلىرىنى بۇ تەرەپكە ئۇچۇرۇپ كەتكەنلىكىنى، قارىماققا ئۇلارنىڭ (يەجوج-مەجوجلەرنىڭ) ئاران بىر يېرىم بېلەكچە كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

سىرتىدىن قارىغاندا بۇ تاغنىڭ قىرىمۇ، بېلىمۇ يوق، ھېچقانداق دەل-دەرەخ، ئوت-گىياھ ئۆسمىگەن بولۇپ، تاپتاقىر، يېتىم تاغ ئىكەن.

قايتىدىغاندا، يول باشلىغۇچىلار بىزنى خوراسان تەرەپكە باشلاپ ماڭدى. بىز (ئاۋۋال) «اللب» دېگەن پادىشاھنىڭ يېرىگە باردۇق...ئاخىرىدا نىشاپۇرغا يېتىپ كەلدۇق.

ماڭا ئەگىشىپ ماڭغانلارنىڭ بەزىلىرى قازا قىلدى: باراشىمىزدا 22 ئادەمگە كېسەل تېگىپ، ئۆلگەنلەرنى كېپەنلەپ كۆمۈپ قويدۇق، كېسەللەرنى بەزى كەنتلەردە قالدۇرۇپ قويدۇق؛ ياناشىمىزدا يەنە 14 ئادەم ئۆلدى. نىشاپۇرغا كەلگەن ۋاقتىمىزدا قول ئاستىمدا ئاران 14 ئادەم قالدى......

(ئاخىرىدا) بىز سامارراغا يېتىپ كەلدۇق. مەن ۋاسىق بىللاھ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلدىم ھەم ھېلىقى كېسىۋالغان تۆمۈرنى ئۇنىڭغا كۆرسەتتىم. ئۇ ئاللاھقا ھەمدۇ-سانا ئېيتىپ، سېپىلغا بارغان ھەربىرەيلەنگە مىڭ دىنار ئىنئام قىلدى.

بىزنىڭ بېرىشىمىزغا 16 ئاي، قايتىشىمىزغا 12 ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت كەتتى.

تەرجىمان سالام ماڭا بۇ ئىشلارنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى ھەم ۋاسىق بىللاھقا يازغان مەلۇماتنامىسىنى ئوقۇپ بەردى.

ئۇزۇندىن بۇيان تەتقىقاتچىلار 9-ئەسىردە شەرقتىكى مەلۇم جايغا بېرىپ ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن سېپىلىنى كۆرگەن بۇ سالامنىڭ سەپەر خاتىرىسىنىڭ بىر ھەقىقىي خاتىرە ياكى بىر ئەپسانىۋى رىۋايەت ئىكەنلىكى توغرىلىق كۆپ ئىزدەنگەن. ئەڭ ئاۋۋال شۇنىڭغا دىققەت قىلىش لازىمكى، بۇ خاتىرىنى «يول ۋە ئەللەر تەزكىرىسى» دېگەن بۇ ئەسىرىدە بايان قىلغان ئىبنى خورداذبىھ خۇراساندىكى بىر ئەمەلدار ئائىلىسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، ئاتىسى ئابباسىيلار خەلىپىسى مەئمۇن دەۋرىدە تەبەرىستاننىڭ ۋالىيسى بولغان. ئۆزى بولسا باشتا جەبىل ئۆلكىسىنىڭ (ھازىرقى ئىراننىڭ شەرقىي قىسمى) پوچتا ئەمەلدارى، كېيىن باغداد ۋە سامارراننىڭ پوچتا ئەمەلدارى بولغان. مەنسىپىدىكى بۇ قولايلىق ئۇنىڭغا ئابباسىيلار ئوردىسىغا ھەرتەرەپتىن كېلىپ تۇرىدىغان بەزى خەۋەرلەردىن ۋاقىپلىنىش پۇرسىتىنى يارىتىپ بەرگەن. دەل مۇشۇ ۋەجىدىن ئۇ سالامنىڭ شەرق سەپىرى جەريانىدىكى كۆرگەن-بىلگەنلىرىدىن خەۋەر تېپىپ، بۇنى ئۆز ئەسىرىدە خاتىرىلىگەن. يەنە كېلىپ مۇشۇ ۋاقىتتىن باشلاپ نۇرغۇن مۇسۇلمان ئاپتورلار، مەسىلەن، ئۇنىڭ زامانداشلىرىدىن ئىبنى رۇستا، ئۇنىڭدىن سەل كېچىك بولغان ئىبنى فازىخ، مۇقەددەسى، جەيھانى، قازۋىنى، ياقۇتى، ئىدرىس قاتارلىقلار بۇ ۋەقەنى ئۆز ئەسىرىگە كىرگۈزگەن. ئەمما ئۇلارلا ئەمەس، ئۇلاردىن كېيىنرەك ئۆتكەن بەزى ئاپتورلارمۇ بۇ ۋەقەدىن شۈبھىلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

يېقىنقى زاماندىكى تەتقىقاتچىلارنىڭ سالامنىڭ بۇ سەپەر خاتىرىسىنى تەتقىق قىلىشىنى گوللاندىيەلىك داڭلىق ئەرەبشۇناس دې گويې (M.J.de Goeje، 1836 ــ 1909)دىن باشلانغان دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ ئىبنى خورداذبىھ، قۇدامە، ئىبنى رۇستا قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىنى سېلىشتۇرۇپ رەتلەپ، «ئەرەب جۇغراپىيەشۇناسلىق مەجمۇئەسى»نى تۈزگەن چېغىدا، ھەرقايسى ئەسەرلەردىكى سالامنىڭ شەرققە سەپەر قىلىش خاتىرىسىنى سېلىشتۇرۇپ دەلىللىگەن ھەم 1888-يىلى «يەجۇج-مەجۇجلەر سېپىلى ھەققىدە» دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلغان. ئۇ بۇ ماقالىسىدە مۇقەددەس «قۇرئان كەرىم»، «ئىنجىل»دىكى مۇشۇنىڭغا دائىر ئايەتلەرنى، شۇنداقلا ئىسلام دىنى، يەھۇدى دىنى، خىرىستىيان دىنىنىڭ باشقا كىتابلىرىدىكى ئالاقىدار مەزمۇنلارنى تەتقىق قىلىپ، سالامنىڭ شەرققە سەپەر قىلىش خاتىرىسىنىڭ چىنلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن ھەم بەزى يەرناملىرىنى دەلىللىگەن. مەسىلەن، ئۇ سالام كۆرگەن ئىسكەندەر سېپىلىنى جۇڭگونىڭ گەنسۇدىكى «قاشقوۋۇق» (玉门关) دەپ، سېپىلغا بېرىش جەريانىدا ئۆتكەن «ايكە» شەھىرىنى «Igu ئىۋىرغول» (قومۇل) دەپ، قايتىش يولىدا ئۆتكەن «اللب» دېگەن يەرنى «لوپ» دەپ بېكىتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن بەزى داڭلىق تەتقىقاتچىلارمۇ، مەسىلەن، روسىيەلىك ئەرەبشۇناس كوۋالىۋسكىي، ئەنگلىيەلىك ئوتتۇرا ئاسىياشۇناس مىنورىسكىي قاتارلىقلارمۇ سالامنىڭ بۇ سەپەر خاتىرىسى ئۈستىدە تەتقىقات يۈرگۈزگەن. ئومۇمەن يېقىنقى زاماندىكى تەتقىقاتچىلار بۇ خاتىرىدىكى بەزى زىددىيەتلىك، ئېنىقلىغۇسىز جايلارنى بايقىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ چىن ئاساسى بارلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. جۇڭگولۇق تەتقىقاتچىلاردىن جاڭ گۋاڭدا، خۇا تاۋ قاتارلىقلارمۇ بۇ ھەقتە ئىزدەنگەن ھەم خۇا تاۋ بۇ خاتىرىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ شەرھلىگەن[2].

بۇ يەردە دې گويېنىڭ «ئىسكەندەر سېپىلى»نىڭ ئورنىنى «قاشقوۋۇق» (玉门关) دەپ، ئۇنىڭغا يېقىن

«ايكە» شەھىرىنى «ئىۋىرغول» (قومۇل) دەپ بېكىتىشى تولىمۇ دىققەتنى تارتىدۇ. ئەلۋەتتە، ئورۇن جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئەينى زاماندا قومۇل بىلەن قاشقوۋۇقنىڭ ئارىلىقىنىڭ ئۇچ كۈنلۈك يول بولۇشى ئەقىلگە سىغىدۇ. ئۇنداقتا، بۇنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن تەقدىردە، ئۇ يەردىكى ئاشۇ «بويى بىر بېلەكتىن بىر يېرىم بېلەككىچە كېلىدىغان» پاپا «يەجۇج-مەجۇجلەر» كىملەر؟ جۇملىدىن 9-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى «قاشقوۋۇق»نىڭ ئەھۋالى قانداق ئىدى؟

## جۇڭگودىكى «قاشقوۋۇق»(玉门关)

بۇنىڭدا ئاۋۋال گەپنى «قاشقوۋۇق» (玉门关)تىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ. هازىرقى«قاشقوۋۇق» (يەنى قاشتاش قوۋۇق) جۇڭگونىڭ گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ دۇنخۇاڭ شەھىرىنىڭ ئەتراپىدا بولۇپ، جۇڭگو تارىخنامىلىرىدە خاتىرىلىنىشىچە، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 5-ئەسىردىن 2- ئەسىرگىچە دۇنخۇاڭ ئەتراپى توخرىلارنىڭ (ياۋچىلارنىڭ) ۋە ئاسىيولارنىڭ ماكانى بولغان. تەخمىنەن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 177-يىلىدىن سەل ئىلگىرى توخرىلار ئاسىيولارنى قاتتىق مەغلۇپ قىلغان، قېپقالغان ئازغىنە ئاسىيولار هۇنلارنىڭ قېشىغا پاناه تارتىپ بارغان. تەخمىنەن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 176 — 174-يىللىرى هۇنلار توخرىلارنى ئىككى قېتىم قاتتىق مەغلۇپ قىلىپ، ئۇلارنى ئىلى دەرياسى ۋە ئىسسىقكۆل بويلىرىغا قوغلىۋېتىپ، ئۇلارنىڭ زېمىنىنى ئىگىلىگەن ھەم غەربىي يۇرتنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب-شىمالىنى تېخىمۇ مەھكەم تىزگىنلىگەن، شۇنداقلا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەن سۇلالىسى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 202-يىلىدىن مىلادىيە 220-يىلىغىچە هۆكۈم سۈرگەن)گە قاتتىق تەھدىت سالغان. شۇنىڭدىن كېيىن خەن سۇلالىسى هۇنلاردىن مۇداپىئەلىنىش ۋە غەربىي يۇرتنى تىزگىنلەش ئۈچۈن پادىشاھ ۋۇدى دەۋرىدە هۇنلار بىلەن ئۇرۇشۇپ، مىلادىيە 121-يىلى هۇنلارنىڭ ئوڭ قانىتىغا قاتتىق زەربە بېرىپ، خېشى كارىدورىدا ۋۇۋېي، جيۇچۈەن دېگەن ئىككى ۋىلايەتنى تەسىس قىلغان. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 111-يىلى يەنە جاڭيې، دۇنخۇاڭ ۋىلايەتلىرىنى تەسىس قىلغان ھەم «玉门关» (قاشقوۋۇق)، «阳关» (كۈنگەي قوۋۇق) نى ياساتقان، شۇنداقلا يۇقىرىقى ۋىلايەتلەرگە ئاھالە كۆچۈرۈپ ئولتۇراقلاشتۇرۇپ، ئۇ جايلارنى مەھكەم ساقلىغان. بۇنىڭدا بۇ ئىككى قوۋۇق ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان. بۇنىڭدىن قارىغاندا، «قاشقوۋۇق»نىڭ تارىخىنى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2-ئەسىرگىچە سۈرۈشكە بولىدۇ. ئەمما، ئەگەر دې گويېنىڭ «قاشقوۋۇق»نى «ئىسكەندەر سېپىلى» شۇ دەپ بېكىتىشىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن تەقدىردە، ئۇ هالدا مۇقەددەس «قۇرئان كەرىم»، «ئىنجىل» قاتارلىق كىتابلاردا تىلغا ئېلىنغان «ئىسكەندەر سېپىلى» بىلەن بۇ «قاشقوۋۇق»نىڭ ئارىسىدا مەيلى ئۇنى ياسىغۇچى جەھەتتىن بولسۇن ياكى ئۇنىڭ ياسالغان ۋاقتى جەھەتتىن بولسۇن زور پەرق كېلىپ چىقىدۇ. يەنى مۇقەددەس «قۇرئان كەرىم»، «ئىنجىل» قاتارلىق



مىلادىيە 2-ئەسىردىكى، يەنى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قاشقوۋۇق خارابىسى
(سۈرەت توردىن ئېلىندى)

كىتابلاردا تىلغا ئېلىنغان، كۈنچىقىشتىكى مەلۇم بىر جايدا ئىنتايىن مۇستەھكەم بىر سېپىل ياساپ، «يەجۇج-مەجۇجلەر»دىن مۇداپىئە كۆرگەن ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ئەمەلىيەتتە مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 4-ئەسىردە ئۆتكەن ماكېدونىيە پادىشاھى بولۇپ، ئۇنىڭ شەرقتە ياساتقان سېپىلىمۇ تەبىئىيكى شۇ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 4-ئەسىردە ياسالغان بولىدۇ. بۇنداق بولغاندا، ئۇ ياساتقان سېپىل بىلەن خەن سۇلالىسى ياساتقان «قاشقوۋۇق»نىڭ ئارىلىقىدا تەخمىنەن 200 يىل پەرق كېلىپ چىقىدۇ. ئۇنداقتا، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ياساتقان سېپىل بۇ «قاشقوۋۇق»

ئەمەسمۇ؟ ياكى خەن سۇلالىسى «قاشقوۋۇق»نى ياسىتىشتىن بۇرۇنلا ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن بۇ جايدا قوۋۇق ياكى سېپىل ياساتقانمۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولغان دېسەك، بۇ يەر ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن شەرققە يۈرۈش قىلغاندا بارغان ئەڭ يىراق جاي بولغان ھىندى دەرياسى ۋادىسىدىن خېلىلا يىراق جايغۇ؟ مانا بۇ مەسىلىلەر كىشىنى تولىمۇ ئويغا سالىدۇ.

ئەمدى 9 ـ ئەسىردىكى «قاشقوۋۇق»نىڭ ئەھۋالىغا كەلسەك، 9 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قاشقوۋۇق جايلاشقان دۇنخۇاڭ ئەتراپى، تېخىمۇ كەڭرەك مەنىدىن ئېيتقاندا خېشى رايونى بەزىدە ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ، بەزىدە تاڭ سۇلالىسىنىڭ، بەزىدە تۈبۈتلەرنىڭ قولىغا ئۆتۈپ تۇرغان. 9 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تۈبۈتلەر ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى ۋە تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاجىزلاشقانلىقىدىن پايدىلىنىپ خېشى رايونىنى تىزگىنلىۋالغان. شۇ چاغدا بۇ رايونغا بۇرۇنلا كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى تۈبۈتلەرگە بېقىنغان، بىر قىسمى مۇستەقىل تۇرۇۋېرىپ، تۈبۈتلەرنىڭ تېررىتورىيەسىنىڭ ئەڭ ئۇنۇمسىز چۆل ۋە يېرىم چۆل يەرلىرىدە كۆچۈپ يۈرگەن[3]. يەنە «يېڭى بەش دەۋر تارىخى. تۈبۈتلەر تەزكىرىسى»دىكى خاتىرىلەردىن قارىغاندا، تۈبۈتلەر خېشى رايونىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان چاغلاردا، «خۇاشيا (خەنزۇ)لاردىن مىليون كىشى تۈبۈتلەر تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان» بولۇپ، شاجۇ (دۇنخۇاڭ ئەتراپى)دىمۇ نۇرغۇن خەنزۇلار ئولتۇراقلاشقان[4]. مىلادىيە 840 ـ يىلى ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن جەنۇبقا ۋە غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى گەنجۇ (ھازىرقى گەنسۇدىكى جاڭيې ئەتراپى)غىلا ئەمەس، بەلكى چىنجۇ (تيەنشۈي ئەتراپى)، لياڭجۇ (ۋۇۋېي ئەتراپى)، لەنجۇ، گۇاجۇ، شاجۇ (دۇنخۇاڭ ئەتراپى)، سۇجۇ (ھازىرقى گەنسۇدىكى جيۇچۇەن ئەتراپى) قاتارلىق جايلارغىمۇ كەلگەن[5]. ئۇلار خېشى رايونىغا ماكانلىشىپ تۈبۈتلەرگە بېقىنغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ زۇلۇمىغا ئۇچراپ كەلگەن. بۇ ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى ۋە قارشىلىقىنى قوزغىغان. نەتىجىدە مىلادىيە 848 ـ يىلى (ياكى 850 ـ يىلى) تاڭ سۇلالىسىنىڭ بۇرۇنقى شاجۇ ئايمىقىنىڭ ھىراۋۇلى جاڭ يىچاۋ بۇ جايدا ياشايدىغان خەنزۇلارغا رەھبەرلىك قىلىپ ۋە ئۇيغۇر قاتارلىق باشقا خەلقلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ، تۈبۈت ئاقسۆڭەكلىرىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ۋە تۈبۈت ئاقسۆڭەكلىرىنى گەنجۇ، لياڭجۇ، شاجۇ، يىجۇ (ئۈرۈمچى تەۋەسىدىكى قۇمۇل) رايونلىرىدىن قوغلاپ چىقارغان[6]. دېمەك، يۇقىرىقىلاردىن قارىغاندا، ناۋادا دې گوينىڭ «قاشقوۋۇق»نى «ئىسكەندەر سېپىلى» شۇ دەپ بېكىتىشىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن تەقدىردە، ئۇ ھالدا 9 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا سالام كۆرگىلى كەلگەن چاغدىكى «ئىسكەندەر سېپىلى»نىڭ، يەنى «قاشقوۋۇق»نىڭ ئەتراپىدىكى ئاھالىلەر خەنزۇ، تۈبۈت، ئۇيغۇر قاتارلىق خەلقلەر بولغان بولىدۇ. ئۇنداقتا، ئاشۇ سېپىل (ياكى قوۋۇق) توسۇپ تۇرغان تاغنىڭ ئىچىدىكى «يەجۇج ـ مەجۇجلەر»، شۇنداقلا سېپىل ئەتراپىدىكى ھەم «ايكە» دېيىلىدىغان شەھەردىكى ئاھالىلەرنى مۇشۇ خەلقلەرگە باغلاش ئېھتىماللىقى بارمۇ ـ يوق؟ ياكى بولمىسا ئۇ «يەجۇج ـ مەجۇجلەر»نىڭ بويىنىڭ ئاران «بىر بېلەكتىن بىر يېرىم بېلەككىچە كېلىدىغان»لىقىنى (يەنى تەخمىنەن



مىلادىيە 9 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى، يەنى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى قاشقوۋۇق خارابىسى
(سۈرەت توردىن ئېلىندى)

54.04 سانتىمېتىردىن 81.06 سانتىمېتىرغىچە) ھېسابقا ئالغاندا، بۇ مەزگىلدە مۇشۇ جايدا خەنزۇ، تۈبۈت، ئۇيغۇر قاتارلىق خەلقلەردىن باشقىمۇ

«پەۋقۇلئاددە بىر پەتەك قەۋم» ياشىغانمۇ؟ مانا بۇلارمۇ ئويلىنىشقا تېگىشلىك مەسىلە ھېسابلىنىدۇ.

### «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە «يەجۇج - مەجۇجلەر»

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن يەنە بىر كاتتا ئەسەرمۇ بىزگە «يەجۇج - مەجۇجلەر» ھەققىدە ئۇچۇر بېرىدۇ. ئۇ بولسىمۇ بۈيۈك تىلچى ئالىم مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» دېگەن ئەسىرى بولۇپ، ئۇ مەزكۇر ئەسىرىدىكى يۇملاق خەرىتىدە «يەجۇج - مەجۇجلەر»نىڭ ئورنىنى ناھايىتى ئېنىق كۆرسەتكەندىن سىرت، يەنە ئۇلار ھەققىدە مۇنداق توختالغان: «چىن ۋە ماچىن خەلقلىرىنىڭ ئايرىم تىللىرى بولسىمۇ، شەھەرلىكلىرى تۈركچىنى ياخشى بىلىدۇ. بىزگە يازغان خەتلىرىنى تۈركىي يېزىق بىلەن يازىدۇ. شۇنىڭدەك ئارىدا چوڭ سېپىل ۋە چىن يېنىدىكى تاغ - دېڭىزلار بولغىنى ئۈچۈن، يەجۇج ۋە مەجۇجلەرنىڭ تىللىرىمۇ بىزگە مەلۇم ئەمەس. تۇبۇتلەرنىڭ ئايرىم تىلى بار، شۇنىڭدەك خوتەنلىكلەرنىڭمۇ ئايرىم تىلى ۋە ئايرىم يېزىقى بار. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى تۈركىي تىلدا چىرايلىق سۆزلىيەلمەيدۇ»[7]. بۇ يەردە مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «يەجۇج - مەجۇجلەر»نى چىن، ماچىن، تۇبۇتلەر ۋە خوتەنلىكلەر بىلەن بىر قاتاردا تىلغا ئالغىنىدىن قارىغاندا، شۇنداقلا «ئارىدا چوڭ سېپىل ۋە چىن يېنىدىكى تاغ - دېڭىزلار بولغىنى ئۈچۈن» دېگىنىدىن قارىغاندا، ئۇلارنى مۇشۇ خەلقلەر بىلەن قوشنا ياشايدىغان ياكى مۇشۇلارنىڭ ئارىسىدا ياشايدىغان بىر قەۋم دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. يەنى مۇشۇنداق قارىغاندا، ئۇلار مەھمۇد كاشغەرىي ياشىغان شۇ 11 - ئەسىردە تەخمىنەن لياۋ سۇلالىسى (قىتان خانلىقى)، سوڭ سۇلالىسى، تۇبۇتلەر ۋە ئۇدۇن (خوتەن)نىڭ ئارىلىقىدىكى بىر يەردە ياشىغان بولىدۇ. شۇ زاماندا مۇشۇنداق جۇغراپىيەلىك دائىرىگە توغرا كېلىش ئېھتىماللىقى ئەڭ چوڭ بولغان يەر خېشى كارىدورى بولۇپ (مەن «يۇملاق خەرىتە»دىكى «يەجۇج - مەجۇجلەر»نىڭ ئورنىغا كۆپ دىققەت قىلدىم، ھەرخىل تەرەپ يۆنىلىشلىرىدىن «يەجۇج - مەجۇجلەر»نىڭ ئورنىنى پەرەز قىلىپ باقتىم ھەم «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»نىڭ ئۇيغۇرچە نەشرىدىكى بۇ خەرىتىنى ئىنگلىزچە نەشرى، خەنزۇچە نەشرىدىكى شۇ خەرىتە بىلەن سېلىشتۇرۇپ چىقتىم، شۇنداقلا خەرىتىدىكى شەرقتىكى «جابىرقا» (ياپونىيە)، ئوتتۇرىدىكى «ياركەند»، «كاشغەر» قاتارلىق قاراخانىيلار



**مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ئەسىرىدىكى يۇملاق خەرىتە، خەرىتىنىڭ ئوڭ تەرەپ يۇقىرىدىكىسى دەل «يەجۇج - مەجۇج»لەرنىڭ ئورنى**

زېمىنى ۋە جەنۇبىدىكى «ھىند»دىن ئىبارەت مۇشۇ ئۈچ ئورۇننى تۇتقا قىلىپ تۇرۇپ، دەسلىپىدە «يەجۇج ـ مەجۇجلەر»نىڭ ئورنى شەرقىي جەنۇب تەرەپتە، يەنى ھىمالايا تاغلىرىغا توغرا كېلىدىكەن دەپ ئويلىدىم، ئەمما يەنە مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «ئارىدا چوڭ سېپىل ۋە چىن يېنىدىكى تاغ ـ دېڭىزلار بولغىنى ئۈچۈن» دېگەن بايانىدىكى «چوڭ سېپىل» دېگەن سۆز دىققىتىمنى تارتىپ، يەنە كېلىپ مەھمۇد كاشغەرىينىڭ يۇمىلاق خەرىتىدە قاراخانىيلار زېمىنىنى دەل ئوتتۇرىغا ئېلىپ سىزغانلىقىدىن ھازىرقى تەرەپ يۆنىلىشى بويىچە بۇ خەرىتىگە قارىغاندا پەرق كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ، شۇ خەرىتىدىكى «يەجۇج ـ مەجۇجلەر يېرى» دەپ كۆرسىتىلگەن جاينىڭ شەرق تەرەپ بولۇش مۇمكىنچىلىكىنىمۇ ئويلىشىپ، «يەجۇج ـ مەجۇجلەر يېرى»نىڭ خېيشى كارىدورىغا توغرا كېلىش مۇمكىنچىلىكىنى پەرەز قىلدىم)، بۇ مەلۇم جەھەتتىن مەھمۇد كاشغەرىينىڭ زامانىدىن ئىككى ئەسىر بۇرۇن ئۆتكەن سالام كۆرگەن «ئىسكەندەر سېپىلى»، يەنى دې گويې بېكىتكەن «قاشقوۋۇق»نىڭ جايلاشقان ئورنىغا توغرا كېلىدۇ. يەنە كېلىپ بۇ مەلۇم مەنىدىن 9 ــ 11 ـ ئەسىرلەردىكى مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ «يەجۇج ـ مەجۇجلەر»نىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىگە نىسبەتەن خېلى ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە ئىكەنلىكىنىمۇ ئىپادىلەپ بېرىدۇ. چۈنكى، ئاشۇ سالامنىڭ خەلىپىنىڭ بۇيرۇقىنى ئېلىپ ھېچ تەمتىرىمەيلا شەرققە ئاتلىنىپ شۇ سېپىلنى تاپالىشى ۋە مەھمۇد كاشغەرىينىڭمۇ خەرىتىدە يەجۇج ـ مەجۇجلەر ۋە سېپىلنىڭ ئورنىنى كۆرۈنەرلىك قىلىپ يازغىنىدىن قارىغاندا، بۇ جاي ئەينى زامانلاردا ئانچە پىنھان تۇتۇلمىغاندەكمۇ قىلىدۇ. ئەمما كونكرېت ئورنىنى بەلكىم ھېچكىم بىلمىسە كېرەك.

ئومۇمەن، «يەجۇج ـ مەجۇجلەر» ۋە «ئىسكەندەر سېپىلى»نىڭ ئورنى ھەققىدە ئوخشاش بولمىغان دەۋرلەردە، ھەرقايسى خەلقلەر ئارىسىدا ئوخشاش بولمىغان كۆز قاراشلار ساقلانغان بولۇپ، بۇ تۈگۈننىڭ يېشىلىشى يەنىمۇ چوڭقۇر تەتقىقاتقا مۇھتاج.

پايدىلانمىلار:

[1] «قۇرئان كەرىم»، مۇھەممەد سالىھ داموللا تەرجىمە قىلغان ئۇيغۇرچە نۇسخىسى 304 ـ، 305 ـ، 331 ـ بەتلەر، سەئۇدى ئەرەبىستانى مەدىنە شەھىرى ھىجرىيە 1413 ـ يىلى باسمىسى.

[2] خۇا تاۋ: « ‹سالامنىڭ شەرققە سەپەر قىلىش خاتىرىسى› نىڭ تەرجىمىسى ۋە شەرھىيسى ھەم بۇ توغرىدا تەتقىقات»، «يۈەن دەۋرى تارىخى ۋە مىللەت ـ چېگرا رايون تەتقىقاتى مەجمۇئەسى» (26 ـ قىسىم) 118 ــ 132 ـ بەتلەر، شاڭخەي قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى 2014 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى

[3] ئا. گ. مالىيېۋكىن [سوۋېت ئىتتىپاقى] يازغان، ئۇيغۇر سايرانى تەرجىمە قىلغان: «9 ــ 12 ـ ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 ـ يىلى 12 ـ ئاي ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى 16 ـ، 17 ـ بەتلەر.

[4] [6] چېن بىڭيىڭ: «يەنە گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى توغرىسىدا»، «دۇنخۇاڭشۇناسلىق مەجمۇئەسى» 1990 ـ يىللىق 2 ـ سان (ئومۇمىي 18 ـ سان).

[5] لۇ چىڭفۇ: «بەيئەتچىلەر قوشۇنىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلدىكى ئۇيغۇرلىشىشى ۋە شاجۇ ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى»، «دۇنخۇاڭشۇناسلىق مەجمۇئەسى» 1998 ـ يىللىق 1 ـ سان (ئومۇمىي 33 ـ سان).

[7] مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980 ـ يىلى ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى 39 ـ، 40 ـ بەتلەر.

تەھرىرلىگۈچى: ئەخمەت روزى توغرايول

# يېڭىساردىكى مەدەنىيەت ئىزلىرى

ئابدۇلئەزىز مەسۇم لاۋارى (يېڭىسار ناھىيىلىك 3-ئوتتۇرا مەكتەپتىن)
مۇھەممەدئېلى ئەنۋەر (يېڭىسار ناھىيە يېڭىباغ ئاھالىلەر كومىتېتىدىن)

يېڭىسار ناھىيەسى قۇرۇمتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىرغىقىغا جايلاشقان، بۇ قەدىمىي يۇرت قاراخانىيلار دەۋرىدىكى مۇسۇلمانلار بىلەن بۇددىستلار ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلغان تالايلىغان جەڭلەرنىڭ شاھىتى بولغان. تارىختىكى ئاشۇ شىددەتلىك ئۇرۇشلارنىڭ يالدامىسى سۈپىتىدە نۇرغۇن قەبرە، ئىزلار ساقلىنىپ قالغان.

**1. قەدىمىي ئىزلار**

1) چوڭ تۇر ئىزى

بۇ ئىز قىزىل يېزىسى تېتىر مەسچىت كەنتى (9-كەنت)دە، يەنى يېزا مەركىزىنىڭ 16.5 كىلومېتىر شەرقىي شىمالىدا. خەرىتىدىن قارىغاندا، ئىزنىڭ ئەتراپىدا بىر قەدىمكى ئېقىن بولۇپ، ھازىر قۇم ئارىسىدا قالغان. ئىلگىرى كىشىلەر بۇ يەردە ساپال پارچىسى ۋە مارجان قاتارلىق بۇيۇملارنى ئۇچراتقان. بۇ ئىزدا ئېلىپ بېرىلغان قېزىشتا يەنە ئەينەك پارچىسى، زىننەت بۇيۇمى، ئەينەك چوكا، مىس پۇل پارچىسى، مىس مىخ قاتارلىق بۇيۇملار قېزىۋېلىنغان. بۇ ئىزدىن قېزىۋېلىنغان ساپال پارچىلىرىدىن قارىغاندا، بۇلارنىڭ يىل دەۋر پەرقى سەل چوڭ بولۇپ، بۇ ئىز تەخمىنەن تاڭ-سۇڭ سۇلالىلىرى ئارىلىقىدىكى دەۋرلەرگە تەۋە دەپ قارىلىۋاتىدۇ.

2) مېتال تاۋلاش ئىزى

بۇ ئىز قىزىل يېزىسىنىڭ قورغان كەنتى (8-كەنت)گە، يەنى يېزا مەركىزىنىڭ 5.6 كىلومېتىر شەرقىي جەنۇبىدىكى ھېيتگاھ مەسچىتىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى تام تۈۋىگە جايلاشقان. ھازىرغىچە بۇ جايدا چوڭقۇرلۇقى بىر مېتىرچە كېلىدىغان ئورەك ساقلىنىپ تۇرماقتا. بۇ ئىزنىڭ ئەتراپىدىكى ئېتىزلاردىن، مەسچىت كەينىدىن مېتال تاۋلاشتىن چىققان داشقاللارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. مەسچىت سېلىش ۋە تېرىلغۇ يەرنى كېڭەيتىش سەۋەبىدىن بۇ ئىز بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. بۇ ئىز تەخمىنەن قاراخانىيلار دەۋرىگە مەنسۇپ دەپ قارالماقتا.

3) قورغان تاغ قورۇل ئىزى

بۇ ئىز قىزىل يېزىسىنىڭ قورغان كەنتى (8-كەنت)دە، يېزا مەركىزىنىڭ 15 كىلومېتىر جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ ئىز تاغ ئوتتۇرىسىدىكى جىلغىغا جايلاشقان، توساق تام بىلەن قورشالغان بولۇپ، تەبىئىي بۇزۇلۇشى بىر قەدەر ئېغىر. كېسەك ئۆيلەرنىڭ ئۇلى ساقلىنىپ قالغان. بۇ ئىز چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە مەنسۇپ.

4) كونا شەھەر ئىزى

بۇ ئىز قىزىل يېزىسىنىڭ تېتىر مەسچىت كەنتى (9-كەنت)دە، يەنى يېزا مەركىزىنىڭ 14.7 كىلومېتىر شەرقىي شىمالىدا. چوڭ تۇر ئىزى بۇ كونا شەھەر ئىزىنىڭ شەرق تەرىپىدە. بۇ ئىزدىن يىغىۋېلىنغان ساپال پارچىلىرىنىڭ كۆپىنچىسىگە قۇم-تاش ئارىلاشتۇرۇلغان، بەزىلىرى سېغىز تۇپىدىن ياسالغان. بۇ ئىزدىن ئاق، كۆك، جىگەر رەڭلىك ئەينەك پارچىلىرى، ئىنتايىن ئاز مىقداردىكى مىس پۇل پارچىسى قېزىۋېلىنغان. بۇ ئىز تەخمىنەن تاڭ-سۇڭ سۇلالىلىرى ئارىلىقىدىكى دەۋرلەرگە تەۋە دەپ قارالماقتا.

5) توپلۇق شەھەر ئىزى

بۇ ئىز توپلۇق يېزىسىنىڭ كەلپىن كەنتى (3-



كەنت)دە ، يېزا مەركىزىنىڭ 1.2 كىلومېتىر شەرقىي جەنۇبىدا. بۇ ئىزنى تېرىلغۇ يەرلەر قورشاپ تۇرىدۇ، ئىلگىرى بۇ يەردىن ساپال پارچىسى، پۇل پارچىسى ۋە ئادەم سۆڭىكى قاتارلىقلار تېپىلغان. بۇ ئىزدىن تېپىلغان ساپال بۇيۇملارنىڭ بەزىلىرى ئىنتايىن نەپىس ياسالغان بولۇپ، بۇنىڭدىن ئەينى دەۋردىكى يېڭىساردا كۇلالچىلىقنىڭ خېلىلا تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ ئىز تەخمىنەن تاڭ - سۇڭ سۇلالىلىرى ئارىلىقىدىكى دەۋرلەرگە تەۋە دەپ قارالماقتا.

6) ئالتۇنچى ئىزى (جاي ئىزى)

بۇ ئىز توپلۇق يېزىسىنىڭ جاي كەنتى (6- كەنت)دە، يېزا مەركىزىنىڭ 8.5 كىلومېتىر غەربىي شىمالىدا. بۇ ئىزدىن قۇم - تاش ئارىلاشتۇرۇلۇپ ياسالغان قىزىل رەڭلىك ساپال، سېغىز توپىدىن ياسالغان جىگەر رەڭلىك ساپال، بىر دانە ياغاچ تاۋاق، تۆمۈر تاۋلاشتا ئىشلىتىلگەن كۆمۈر ۋە تۆمۈر داشقىلى قاتارلىقلار قېزىۋېلىنغان. بۇ ئىزنىڭ يىل دەۋرى تەخمىنەن قاراخانىيلار سۇلالىسىدىن چاغاتاي خانلىقى دەۋرىگىچە بولغان ئارىلىققا توغرا كېلىدۇ.

7) مۇزلۇق خان سۇپا ئىزى

بۇ ئىز توپلۇق يېزىسىنىڭ قىشلاق كەنتى (1- كەنت)دە، ناھىيە مەركىزىدىن تەخمىنەن 25 كىلومېتىر يىراقلىقتا. قاراخانىيلار دەۋرىدە ئۆتكەن يۇسۇپ قادىرخان باشچىلىقىدىكى ئىسلام قوشۇنلىرى بىلەن خوتەن، كەشمىر، تىبەت، ھىندى بۇددىست بىرلەشمە قوشۇنلىرى ھازىرقى «ھەزرىتى بېگىم» دەپ ئاتالغان قۇملۇقتا جەڭ قىلغان چاغدا، يۇسۇپ قادىرخان ئەسلىي شەھەرنى قوغداش، پۇقرالارنى ئۇرۇش قىرغىنچىلىقىدىن ساقلاش ئۈچۈن مۇزلۇقتەك مۇشۇنداق ئادەمسىز چۆلدە چېدىر - بارگاھ قۇرۇپ لەشكەرگاھ قىلغان. نەتىجىدە بىرلەشمە قوشۇن مەغلۇپ بولۇپ خوتەنگە قاچقان. مۇزلۇقتىكى لەشكەرگاھ شۇنىڭ بىلەن تارىخىي ۋەزىيىتىنى ئادا قىلغان. بۇ ئىز قاراخانىيلار دەۋرىگە مەنسۇپ دەپ قارىلىۋاتىدۇ.

8) چولپان يېزا لەڭگەر ئىزى

بۇ ئىز چولپان يېزىسىنىڭ سايلىق لەڭگەر كەنتى (7 - كەنت)دە، يېزا مەركىزىنىڭ تەخمىنەن 6—7 كىلومېتىر شەرقىي شىمالىدا. بۇ دائىرىدىن قۇم - تاش ئارىلاشتۇرۇلغان ساپال بۇيۇم، سېغىز توپىدىن ياسالغان ساپال پارچىسى، خومداننىڭ قالدۇقى، خىش پارچىسى قاتارلىقلارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. بۇ ئىز تاڭ - سۇڭ سۇلالىلىرى ئارىلىقىدىكى دەۋرلەرگە تەۋە دەپ قارىلىۋاتىدۇ.

9) يېڭىسار كونا شەھەر سېپىلى

يېڭىسار ناھىيەسىنىڭ كونا شەھەر سېپىلى بازارلىق ھۆكۈمەت تەۋەسىدە بولۇپ، ھازىر ساقلىنىپ قالغان قىسمى 8 - ئاھالىلەر كومىتېتى تەۋەلىكىدە. بۇ سېپىلنىڭ قۇرۇلۇشى 1776 - يىلى باشلىنىپ، 1800 - يىللىرى پۈتكەن. سېپىل شەرقتىن شىمالغا، غەربتىن جەنۇبقا بۇرۇلۇش بويىچە ياسالغان، ئۇزۇنلۇقى 500 مېتىر، كەڭلىكى 300 مېتىر، چاسا شەكىلدە، ئاستىنىڭ كەڭلىكى 8.5 مېتىر، ئۈستىنىڭ كەڭلىكى 7 مېتىر؛ ئېگىزلىكى 8 مېتىر كېلىدۇ. سېپىلنىڭ شەرق تەرىپىگە دەرۋازا قويۇلۇپ، «قەشقەر دەرۋازىسى» دەپ ئاتالغان. سېپىل 1826 - يىلى جاھانگىر خوجا تەرىپىدىن بۇزۇۋېتىلگەن. 1828 - يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى قايتا ياسىغان. سېپىلنىڭ ئىچىدە ئاساسلىقى ئەينى ۋاقىتتىكى ئەمەلدار - لەشكەرلەر تۇرغان. ھازىر سېپىلنىڭ شىمال ۋە شەرق تەرىپىدىكى تاملىرى ساقلىنىپ قالغان. يېڭىسار ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتى بۇ سېپىلنى 1996 - يىلى 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ناھىيە دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى دەپ ئېلان قىلدى.

**2. مەشھۇر مازارلار**

1) ئوردا پادىشاھىم مازىرى (ئوردام مازىرى)

ئوردا پادىشاھىم مازىرى يېڭىسار، قەشقەر يېڭىشەھەر، يوپۇرغا ناھىيەلىرى چېگرالىنىدىغان جايغا، يېڭىسار ناھىيە ساغان يېزا سەكاپ كەنتى (11- كەنت)نىڭ شەرقىي قىسمىدىكى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ بىر بۆلىكى بولغان بۇغراقۇم چوڭ چۆللۈكىگە جايلاشقان. يېڭىسار ناھىيە بازىرىغا 42 كىلومېتىر، سەكاپ كەنتىدىن ئوردام مازىرىغا 23 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ مازاردا ياتقان كىشى سۇلتان ساتۇق بۇغراخاننىڭ نەۋرىسى ئەلى ئارسلانخان، 998- يىلى يېڭىسارنىڭ شەرقىي شىمالى قىسمىدا ئەلى ئارسلانخان باشچىلىقىدىكى مۇسۇلمان قوشۇن بىلەن خوتەن بۇددىست قوشۇنلىرى ئوتتۇرىسىدا بولغان

ئۇرۇشتا، بۇددىستلار ئۇنىڭ بېشىنى كېسىۋېلىپ، قەشقەر ئەسكەرسار قەلئەسىگە مىخلاپ مۇسۇلمانلارغا ئىبرەت قىلماقچى بولغان. تېنى بۇغراقۇم چۆللۈكىگە دەپنە قىلىنىپ، كىشىلەر تەرىپىدىن «قۇمى شەھىدان»، «ئالتۇن رەۋزە» دېگەن ناملاردا ئاتىلىپ كەلگەن. بېشى بولسا قەشقەر شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى تۇمەن دەرياسى بويىغا دەپنە قىلىنىپ، «ئارسلانخان مازىرى» دەپ ئاتالغان. يېڭىسارلىق موللا ھاجىنىڭ بۇ ئۇرۇش توغرىسىدا يازغان «بۇغراخانلار تەزكىرىسى» ناملىق كىتابىدا قويۇق رىۋايەت تۈسىگە ئىگە مەلۇمات بېرىلگەن.[1]

ئوردام مازىرى — جەنۇبىي شىنجاڭ تەۋەسىدىكى تەسىرى زور مازارلارنىڭ بىرى، ئۇ ئىلگىرى جەنۇبىي شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىلىدىغان مازار پائالىيەتلىرىدە چوققۇم تاۋاپ قىلىنىدىغان مازارلارنىڭ بىرى بولۇپ كەلگەن. مازاردىكى سەييىد ئەلى ئارسلانخان دەپنە قىلىنغان دەپ قارالغان جايغا توپا دۆۋىلىنىپ، ئەتراپى ياغاچ تاختايلار بىلەن قورشالغان، ئۈستىگە تاۋاپچىلار ئېلىپ كەلگەن تۇغ-ئەلەم، شادىلار ئۈستى-ئۈستىگە قادىلىۋېرىپ، 20 نەچچە مېتىرغا يەتكەن. كىشىلەر بۇ يەرنى «ئالتۇن رەۋزە» دەپ ئاتايدۇ. مازار ئەتراپىدا تاۋاپچىلار مازارغا ئاتاپ ئېلىپ كەلگەن ماللىرىنى قۇربانلىق قىلىدىغان «كاخانا» دەيدىغان ئۆي بار. بۇ ئۆيگە «ئالتۇن داش» دەپ ئاتالغان، چۆرىسىگە خەت ئويۇلغان چوڭ داشقازاندىن ئىككىسى قويۇلغان بولۇپ، بىرىنىڭ چۆرىسىگە ھىجرىيە 1289-يىلى (مىلادىيە 1873-يىلى)، يەنە بىرسىگە ھىجرىيە 1328-يىلى (مىلادىيە 1910-يىلى) يېڭىسارلىق داڭلىق قازانچى ئۇستا ياقۇپ ئاخۇن ياسىغانلىقى توغرىسىدىكى خەتلەر ئويۇلغان. بۇنىڭدىن باشقا يەنە، بۇ مازار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئورۇنلاردىن مازاردىن 16 كىلومېتىر يىراقلىقتا، مازارغا ماڭغان تاۋاپچىلارنى ناغرا چېلىپ كۈتۈۋالىدىغان «دوست بۇلىقىم» دېگەن جاي بار. بۇنىڭدىن باشقا يەنە تۇغ كۆرۈشتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدىغان پائالىيەت مەيدانى — «دورغا بېگىم»، ئاشىقلار پائالىيەت قىلىدىغان سورۇن — «ئالتۇن گۈلخېنىم»، مەخسۇس ئاياللار دۇئا-تىلاۋەت قىلىدىغان، قۇمغا كۆمۈلىدىغان «ھاجەتقۇم»، ئاياللار پەرزەنت تەلەپ قىلىدىغان «بۆشۈك ئانام» قاتارلىق جايلار بار.

ئوردا پادىشاھىم مازىرىنى تاۋاپ قىلىش پائالىيىتى تاكى 1990-يىللارغىچە داۋاملاشقان، ھىجرىيە يىلنامىسى بويىچە ھەر يىلى مۇھەررەم (1-ئاي) ۋە شەئبان (8-ئاي) ئايلىرىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان ئوردام سەيلىسىدە تاۋاپچىلار يەنە داستان ئېيتىش، ئوردامغا ئاتالغان قوشاقلارنى ئوقۇش قاتارلىق پائالىيەتلەرنىمۇ قىلغان. 1980-يىلىدىكى مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، ئوردام مازىرىغا كەلگەن مەلۇم بىر كۈنىدىكى تاۋاپچى 18 مىڭدىن ئاشقان، يايما ئورنى 238 گە يەتكەن، ئوغلاق تارتىشىش ئويۇنىغا قاتناشتۇرۇلغان ئات 350تىن ئېشىپ كەتكەن.[2] بۇ پائالىيەتنىڭ ۋاقتى 15 كۈن، تاۋاپ قىلىنىدىغان مازارلار ئىسخىمىسى كۆپىنچە تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل بولىدۇ. بىرىنچى خىل شەكىلدىكى («ئوڭ شەكىل» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) تاۋاپ قىلىنىدىغان مازارلار ئىسخىمىسى مۇنداق: چۆجە پاشىشىم ← تېۋىز ← سۇلتان دەرىجە خېنىم ← ھەزرىتى بەگ ← ئوردام مازىرى ← ھەزرىتى سۇلتانىم. ئىككىنچى خىل شەكىلدىكى تاۋاپ قىلىنىدىغان مازارلارنىڭ ئىسخىمىسى بولسا تۆۋەندىكىچە: ئەلى ئارسلانخان ← نۇر ئەلانۇرخان ← يۇسۇپ قادىرخان ← بۇۋى مەريەمخان ← ھەزرىتى موللام ← قىزىل جاي خېنىم ← ھەزرىتى بەگ ← سۇلتانىم ← دوست بۇلىقىم ← ئاق لەڭگەر مازار ← ئوردام.[3]

يۇقىرىقى ئىسخېمىدىن ئوردام مازىرىنىڭ قەشقەردىكى تاۋاپ قىلىنىدىغان ئورۇنلار ئىچىدىكى پائالىيەت ئەڭ گەۋدىلىك ئېلىپ بېرىلىدىغان مازار ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ مازار توغرىسىدا چوقان ۋەلىخانوف: «قىزىل بازىرىنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدە قۇم شەھىدان دەپ ئاتىلىدىغان بىر شېھىتلىك بار ئىكەن. مۇسۇلمانلار بۇ يەرنى بەكمۇ ئۇلۇغلايدىكەن. بۇ يەردىن ئۆتكەن ھەرقانداق بىر يولۇچى بۇ شېھىتلىككە يانداپ سېلىنغان مەسچىتكە كىرىپ ناماز ئوقۇيدىكەن. يەرلىك كىشىلەرنىڭ رىۋايەت قىلىپ بېرىشىچە، بىر زامانلاردا بۇ يۇرتنىڭ غازى ئارسلانخان ئىسىملىك بىر پادىشاھى ئىسلام ئۈچۈن غازات قىلىپ مۇشۇ يەردە شېھىت بولغانمىش»[4] دەپ خاتىرە قالدۇرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، شۈتسىيەلىك ئېكسپېدىتسىيەچى گۇننار ياررىڭمۇ ئوردام مازىرىنى زىيارەت قىلغان ۋە مازار شەيخىدىن مازارغا

مۇناسىۋەتلىك رىۋايەتلەرنى، مازارنىڭ ئەھۋالىنى خاتىرىلەپ، كىتابىغا كىرگۈزگەن.[5]

تاۋاپچىلار ئوردام مازىرىنى تاۋاپ قىلىش جەريانىدا مەخسۇس ئوردام مازىرىغا بېغىشلانغان خەلق قوشاقلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن بولۇپ، ئوردام سەيلىسى جەريانىدا، ئاشىقلارنىڭ پائالىيەت مەيدانى بولغان «ئالتۇن گۈلخېنىم»دا، ئاشىقلار قوللىرىغا ساپايە ئېلىشىپ، ئۆزلىرىنى ئۇنتۇتقان ھالدا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن:

«مەن قەلەندەر شاھىمەن، ئاللا يەي،
ئالەم ماڭا ۋەيراندۇر يەي.
پايەتەختىم گۈلخانەم، ئاللا يەي،
ئوردام قەلەندەرخاندۇر يەي.
...
ئوردىخان مازارىمدا،
بىر كىشلىك سارايىم بار.
بېشىمغا دەرت-ئەلەم كەلسە،
ياراتقان بىر خۇدايىم بار».[6]
....

دېگەندەك ئوردام مازىرىغا ئاتالغان قوشاقلارنى ئوقۇغان. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن بۇ قوشاقلار ھېلىھەم يېڭىسار خەلقى ئارىسىدا ئوقۇلۇپ كەلمەكتە. بۇ مازارنىڭ تەزكىرىسى بولغان «ئوردام مازىرى تەزكىرىسى» ھازىر قەشقەر شەھىرىدىكى بىر كىشىنىڭ قولىدا ساقلانماقتا.

شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ قويۇش زۆرۈركى، ئەينى يىللىرى يېڭىسار ناھىيەلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى خەلقنى ئازادلىق، ھۆرلۇككە ئۇندەيدىغان گېزىت نەشر قىلغاندا، بۇ گېزىتكە ئۆزلىرى ھۆرمەت بىلەن تېۋىنىدىغان مازار—«ئوردام»نىڭ نامىنى گېزىت نامى قىلىپ ئىشلەتكەن. «ئوردام» گېزىتىدە «ئوردام مازىرى تەزكىرىسى»، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ جەڭ غەلىبىسى قاتارلىق مەزمۇنلار ئېلان قىلىنغان. بۇ گېزىت 1947-يىلى 7-ئايدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئادىمى بولغان سوپى بەگ ھاجى دېگەن كىشى تەرىپىدىن توختىتىۋېتىلگەن.[7]

2) ھەزرىتى بەگ مازىرى

ھەزرىتى بەگ مازىرى يېڭىسار ناھىيەسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا، يەنى قىزىل يېزىسىنىڭ قاراساي كەنتىدە، ناھىيە بازىرىغا 60 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ مازارمۇ جەنۇبىي شىنجاڭ تەۋەسىدە تەسىرى زور مازارلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ مازاردا ياتقان كىشى توغرىسىدا ئىككى خىل قاراش مەۋجۇت، «تەزكىرەئى شىھت ئەلى ئارسلانخان»دىكى رىۋايەتتە شەرقىي رۇم پادىشاھىنىڭ ئوغلى دېيىلگەن.[8] خەلق ئارىسىدىكى رىۋايەتلەردە بولسا ھەزرىتى بەگ ئەلى ئارسلانخاننىڭ مۇھاپىزەتچىسى بولۇپ، خوتەن بۇددىستلىرى بىلەن جەڭ قىلىپ، ھازىرقى «ھەزرىتى بەگ مازىرى» بار جايدا شېھىت بولغان دېيىلىدۇ.[9] ھەزرىتى بەگنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقىش ئۈچۈن تېخىمۇ چوڭقۇر ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

ھەزرىتى بەگ مازىرىدا ئالاھىدە ياسالغان قەبرە يوق. پەقەت جەسەت كۆمۈلگەن ئورۇنغا رەڭگارەڭ تۇغ-ئەلەم، شادىلار قاداپ قويۇلغان. بۇنىڭغا يېقىن جايدا ئۈستى تاختاي بىلەن يېپىپ قويۇلغان بىر بۇلاق بار. بۇلاق ئۈچ مېتىر چوڭقۇرلۇقتا بولۇپ، بۇ يەرگە تاۋاپقا كەلگەنلەر، شەيخلەر مۇشۇ بۇلاقتىن سۇ ئىچىدۇ، مۇشۇ بۇلاق سۈيىدە تاھارەت ئالىدۇ. شۇنداقلا تاۋاپچىلار بۇلاق سۈيىنى قاپاقلارغا قاچىلاپ ئېلىپ كېتىدۇ. بۇ جايدا يەنە بىر كونا مەسچىت، شەيخلەر تۇرىدىغان ئۆي، نەزىر ئېشى ئېتىلىدىغان «كاخانا» ئۆي بار. ھەر يىللىق ئوردام سەيلىسىدە كىشىلەر ئوردام مازىرىغا تاۋاپقا بېرىشتىن بۇرۇن، ئاۋۋال ھەزرىتى بەگ مازىرىغا كېلىپ تاۋاپ قىلىدۇ. مازارنىڭ كۆلىمى تەخمىنەن 160 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدۇ.

ئوردام مازىرى بىلەن ھەزرىتى بەگ مازىرىنىڭ شەيخى بىر كىشى، «بۇ ئىككى مازارنىڭ باش شەيخلىقىنى مىلادىيە 1000-يىلى يۈسۈپ قادىرخان تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن خوجا ناسىرىدىن باشلاپ ھېسابلىغاندا، تاكى 1949-يىلىغا قەدەر 17 ئەۋلاد باشقۇرۇپ كەلگەن، يېڭىسار ساغانلىق شادى ھاجى ئازادلىق ھارپىسىدا باش شەيخلىقنى ئۆز ئىنىسى شاھ مەنسۇرغا تاپشۇرۇپ بېرىپ ھەجگە كەتكەن».[10] ھازىر بۇ ئىككى مازارنىڭ باش شەيخلىقى شادى ھاجى بىلەن قۇدا-باجا بولغان شەيخلەردىن بىرىگە مىراس قالغان، شۇ كىشى باش شەيخلىقنى ئۆتەپ كەلمەكتە.

3) چۈجە پاششىم مازىرى (چۈجە پادىشاھىم مازىرى)

چۇجە پاششىم مازىرى يېڭىسار ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىدە يەنى شەھەر يېزىسىنىڭ لەڭگەر كەنتىدە، ناھىيە بازىرىغا بەش كىلومېتىر كېلىدۇ.

خەلق ئارىسىدا بۇ مازارغا دەپنە قىلىنغان كىشى ھەسەن بۇغراخان ۋە ھۇسەيىن بۇغراخان ئاكا ـ ئۇكا ئىككىسى دەپ قارىلىدۇ. بۇ مازارنىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدا موللا ھاجىنىڭ «بۇغراخانلار تەزكىرىسى»دە يۇسۇپ قادىرخاننىڭ ھەسەن بۇغراخان، ھۇسەيىن بۇغراخان (توغرىسى مۇسا بۇغراخان بولۇشى كېرەك — نەقىلچىدىن) ئاكا ـ ئۇكىلار شېھىت بولغان جايغا كېلىپ، ئۇ ئىككىسىگە ئاتاپ ئاش تارتقانلىقى، باشقا شېھىتلەرنىمۇ يىغىپ ئۇ ئىككىسىنىڭ ئايىغى تەرەپكە قويغانلىقى، بېشى ئالتۇنلۇقتىن ئايىغى ماڭغىشىغىچە بولغان جايلارنى سېتىۋېلىپ ۋەخپە قىلغانلىقى توغرىسىدا رىۋايەتلىك تۈسكە ئىگە مەلۇماتلار ئۇچرايدۇ.[11]

بۇ مازاردا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن ئىلگىرى گۈللۈك كاھىش بىلەن زىننەتلەنگەن ئىككى گۈمبەز بولۇپ، مەقبەرىلەر گۈمبەز ئىچىگە ئېلىنغان. مەسچىت، نەزىر ئېشى ئېتىلىدىغان «كاخانا» قاتارلىقلار كېيىنچە بۇزۇپ تاشلانغان. گۈمبەز چېقىۋېتىلگەندە ئىچىدىن چوڭ بىر ساندۇق چىققان. ھازىر گۈمبەز ئورنىغا رەڭگارەڭ تۇغ، شادىلار قاداپ قويۇلغان. ئەينى يىللاردا يەنە ئۈستى تاختاي بىلەن يېپىپ قويۇلغان «شەربەت خانام» دەپ بىر بۇلاق بولغان. كىشىلەر بۇ بۇلاقنىڭ سۈيىنى شىپالىق دەپ قاراپ قاپاقلىرىغا قاچىلاپ كېتىشكەن. بۇ بۇلاقتىن ھازىرمۇ سۈزۈك سۇ چىقىپ تۇرىدۇ.

چۇجە پاششىم مازىرىنى تاۋاپ قىلىدىغانلار بۈگۈنكى كۈندىمۇ بار، ياز ئايلىرىدا قىسمەن كىشىلەرنىڭ چۇجە پاششىم مازىرىنى تاۋاپ قىلىپ، بىر تەرەپتىن ساپايە، داپ چېلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن ساما سېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

4) تېۋىز مازىرى

تېۋىز مازىرى يېڭىسار ناھىيەسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى ئۈچار يېزىسىغا قاراشلىق تېۋىز كەنتىنىڭ ئېگىز ئېرىق مەھەللىسىدە، ناھىيە بازىرىغا 16 كىلومېتىر كېلىدۇ.

بۇ مازار توغرىسىدا بەزى كىشىلەر خوتەن بۇددىستلىرى بىلەن بولغان ئۇرۇشتا، ئەينى دەۋردىكى ئىرانغا تەۋە تەبرىز دېگەن جاي (بۇ يەر ھازىر ئەزەربەيجانغا تەۋە)دىن بىر تۈركۈم كىشىلەر قاراخانىيلار قوشۇنلىرىنىڭ خوتەن بۇددىست قوشۇنلىرى بىلەن بولغان ئۇرۇشىغا ياردەمگە كەلگەن بولۇپ، شۇ قېتىملىق جەڭدە شېھىت بولغان. شۇ كىشىلەرنى ھۆرمەتلەش، ياد ئېتىش يۈزىسىدىن بۇ يەر «تەبرىز» دەپ ئاتىلىپ، ئەمدىلىكتە «تېۋىز» دېيىلىۋاتىدۇ، دەپ قارايدۇ. يەنە بەزىلەر ئەلى ئارسلانخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ساتۇق بۇغراخاننىڭ ھەسەن بۇغراخان باشچىلىقىدىكى ئۈچ ئوغلى 90 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ ، بۇددىستلار بىلەن يېڭىسارنىڭ ئالتۇنلۇق دېگەن يېرىدە كەسكىن قايتۇرما جەڭ قىلىپ، كۆپلىگەن سەركەردىلەر ۋە ئۇلارنىڭ خوتۇن-بالىچاقىلىرى شېھىت بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىسلام قوشۇنلىرى تېۋىزغا چېكىنىدۇ. بۇددىستلار قوغلاپ كېلىپ بۇ جايدىمۇ قاتتىق جەڭ بولىدۇ. ھۇسەيىن بۇغراخان تېۋىزدىكى جەڭدە شېھىت بولۇپ، مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىنىدۇ. بۇ يەر ھۇسەيىن بۇغراخانغا ياردەمگە كەلگەن تەبرىزلىك كىشىلەرنى ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن شۇلارنىڭ يۇرتىنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىۋاتىدۇ، دەپ قارايدۇ.[12] «بۇغراخانلار تەزكىرىسى»دىمۇ بۇ جاينىڭ «تەبرىز» دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى توغرىسىدا مەلۇماتلار بېرىلگەن.[13]

بۇ مازاردا چوڭ ئىككى گۈمبەز بولۇپ، مەقبەرە گۈمبەز ئىچىگە جايلاشقان. 2000 ـ يىلىدىن ئىلگىرىكى بىر قېتىملىق كەلكۈندە گۈمبەزنىڭ بىر قىسمى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن. گۈمبەزنىڭ ئەتراپىنى يەرلىك كىشىلەرنىڭ قەبرىلىرى ئوراپ تۇرىدۇ. مازارنىڭ ئەتراپىدا چوڭ بىر مەسچىت، شەيخلەر تۇرىدىغان بىر قانچە ئېغىز ئۆي بار. مازارنىڭ كۆلىمى 480 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. كىشىلەر ھازىرمۇ بۇ مازارنى ئۇلۇغلاپ، دائىم تاۋاپ قىلىپ تۇرىدۇ.

5) سەرۋازلىرىم مازىرى

سەرۋازلىرىم مازىرى يېڭىسار ناھىيەسىنىڭ قىزىل يېزا قورغانتام كەنتىدە، ناھىيە بازىرىغا تەخمىنەن 60 كىلومېتىر كېلىدۇ.

«سەرۋاز» سۆزى «ئەسكەر» دېگەن مەنىدە.

ئېيتىشلارغا قارىغانـدا، يۈسۈپ قادىرخـان بۇددىستلار بىلەن جەڭ قىلغاندا، مۇشۇ يەرگە بىر كۆل چاپتۇرۇپ، قاراۋۇلخانا ياساتقان ۋە بىر جامە سېلىپ، ئۇن سەرۋازنى مۇشۇ يەردە قاراۋۇلخانا ساقلاشقا قالدۇرۇپ، ئۇلارنى ئۆيلۈك-ئوچاقلىق قىلىپ قويغان. كېيىنچە بۇلارنىڭ ھەممىسى بۇددىستلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ شېھىت بولغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىنىپ، «ئون لەشكەر سەرۋازلىرىم» دەپ ئاتالغان. مازار ئورۇنلاشقان جاينى يەرلىك كىشىلەر «ھېيتگاھ» دەپ ئاتىشىدۇ.[14] كىشىلەر ھېيت-ئايەم كۈنلىرىدە بۇ مازارنى يوقلاپ، ئۇلارنىڭ روھىغا دۇئا قىلىپ تۇرىدۇ. ھازىرمۇ بۇ يەردە چېلىشىش، قوچقار سوقۇشتۇرۇش قاتارلىق كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدۇ.

6) قىزىل ئاياللىرىم مازىرى

قىزىل ئاياللىرىم مازىرى ئەگۈس يېزىسىنىڭ كامپا كەنتىدە، يەنى كۆسەن دەرياسىنىڭ باش ئېقىنى بويىدا، ناھىيە بازىرىغا 35 كىلومېتىر كېلىدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ مازارغا دەپنە قىلىنغانلار تېخى ياتلىق قىلىنمىغان قىزلار ئىكەن. بىر خىل قاراشتا ئۇلار ساتۇق بۇغراخاننىڭ نەۋرىلىرى بولۇپ، ئەينى چاغدىكى مۇشۇ يەردە بولغان بىر قېتىملىق جەڭدە ۋاپات بولغان دېيىلسە، يەنە بىر خىل قاراشتا، ئۇلار سۇ ئىزدەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، دۈشمەن تەرىپىدىن قەتلى قىلىنغان دېيىلگەن. بۇ مازارغا ھېچقانداق گۈمبەز قاتۇرۇلمىغان، مەقبەرە ئورنىدا تاشلار دۆۋىلىنىپ، تۇغ-شادىلار قاداپ قويۇلغان. بۇ مازارنىڭ 200 مېتىرچە تۆۋىنىدە ئىزىز بەگ مىراب دېگەن كىشى تەرىپىدىن تاشتىن قوپۇرۇپ ياسالغان مەسچىتنىڭ تاملىرى ساقلىنىپ قالغان. بۇ مەسچىت يېنىدا ئېگىزلىكى 1.15 مېتىر، كەڭلىكى 1.06 مېتىر كېلىدىغان، يۈزىگە چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا خەت ئويۇلغان بىر تاش ئابىدە بار. بۇ مازارنىڭ تۆۋىنىدىكى دەريانىڭ قارشى تەرەپ يار ئۈستىدە خوجا پاقلانخان غوجام مازىرى دېيىلىدىغان بىر مازار بار. كىشىلەر بۇ مازاردىكىلەرنى قىز-ئاياللىرىمنىڭ ئىنىلىرى دەپ قارايدۇ.

7) سۇلتان دەرىجە خېنىم مازىرى

سۇلتان دەرىجە خېنىم مازىرى ماڭشىن يېزىسىنىڭ قاراباش كەنتىدە، ناھىيە بازىرىغا 3.5 كىلومېتىر كېلىدۇ.

سۇلتان دەرىجە خېنىم — پادىشاھ دەرىجىلىك خېنىم دېگەنلىك بولۇپ، مىلادىيە 997-يىلى ھۇسەيىن بۇغراخان ۋاپات بولغانـدا، ئىسلام قوشۇنلىرى چېكىنىپ، ھۇسەيىن بۇغراخاننىڭ مەلىكىسى ھەدىيە تۈركەن خېنىم ۋە ئۇنىڭ قىزلىرى بىبى مەريەم خېنىم، نۇرئەلانۇر خېنىملار قاراباش كەنتىگە كەلگەنـدە شېھىت بولۇپ، مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە بۇ مازاردىكى كاھىشلىق گۈمبەز چېقىپ تاشلانغان. ھازىر بۇ مازارنىڭ ئەتراپىدا يەرلىكلەرنىڭ قەبرىسى بار.

8) ساۋۇر جانباز مازىرى

بۇ مازار چولپان يېزىسىنىڭ سايلىق لەڭگەر كەنتىدە، ناھىيە بازىرىغا 9 كىلومېتىر كېلىدۇ.

بۇ مازاردا ياتقان كىشى قاراخانىيلار سۇلالىسى قوشۇنىدىكى ماھىر جانباز بولۇپ، ساۋۇر بۇ كىشىنىڭ ئىسمى. ساۋۇر جانباز مىلادىيە 1026-يىلىدىكى بىر قېتىملىق جەڭدە ۋاپات بولۇپ، مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ مازار «ساۋۇر جانباز مازىرى» دەپ ئاتالغان. ئىلگىرى ساۋۇر جانباز مازىرى گۈمبەز ئىچىگە ئېلىنغان، يىللارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ھازىر بۇ مازارنىڭ ۋەيرانە ھالىتىلا ساقلىنىپ قالغان. مازار ئەتراپىدا جامائەت قەبرىستانلىقى بار.

9) قىزىلجى خېنىم مازىرى

قىزىلجى خېنىم مازىرى قىزىل يېزىسىنىڭ قاراساي كەنتىدە، ناھىيە بازىرىغا 57 كىلومېتىر كېلىدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خانى سەئىد ئېلى ئارسلانخاننىڭ قىزى قىزىلجى خېنىم مىلادىيە 998-يىلىدىكى بىر قېتىملىق جەڭدە مۇشۇ يەردە ۋاپات بولغان. قىزىلجى خېنىم دەپنە قىلىنغان بۇ مازارلىق شۇنىڭدىن ئېتىبارەن «قىزىلجى خېنىم مازىرى» دەپ ئاتالغان. بۇ مازاردا پەقەت 2.5 مېتىر ئېگىزلىكتىكى تۇغ ۋە باغلاپ قويۇلغان رەڭگارەڭ ئەلەملەر ساقلىنىپ قالغان. مازارنىڭ كۆلىمى 10 كىۋادرات مېتىر كېلىدۇ.

10) غەۋسىل ئەزەم مازىرى

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، سەئىدىيە خاندانلىقى دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، ئوتتۇرا ئاسىيالىق بىر ئىشان بىر ئەينەك بوتۇلكا ئىچىگە سېلىنغان بىر تال ساقال موينى ئېلىپ كېلىپ، كىشىلەرگە بۇ غەۋسىل ئەزەمنىڭ مۇبارەك مويى دەپ دەپنە قىلىپ، گۈمبەز قاتۇرغان. خەلق ئەينى ۋاقىتتا بۇ مازارنى «مويۇمبارەك» (مويۇم مۇبارەك) دەپ ئاتىغان، كېيىنچە بۇ مازار «غەۋسىل ئەزەم مازىرى» دەپ ئاتالغان. بۇ مازار 1960-يىللارنىڭ ئاخىرى ئۆرۈلۈپ

چۈشكەن، گۈمبەز ئىچىدىن بوتۇلكىغا قاچىلانغان ساقال مويى ۋە «شاھى ئاباس» دەپ خەت ئويۇلغان بىر دانە سۇنۇق قىلىچ چىققان. تاكى 1990 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا قەدەر بۇ مازاردا كىشىلەر قويۇپ قويغان مۆڭگۈز، تۇغ ـ ئەلەملەرنى ئۇچراتقىلى بولاتتى، بۇ مازاردىكى قەبرىلەر يۆتكىۋېتىلگەندىن كېيىن، بۇ مازارنىڭ ئورنىغا بىنا سېلىندى. ئەينى دەۋردىكى «غەۋسىل ئەزەم مازىرى» جايلاشقان بۇ كوچا ئېغىزى ھازىرمۇ «غەۋسىل ئەزەمنىڭ دوقسى» دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتىدۇ.

تارىخىي مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، غەۋسىل ئەزەم ھازىرقى سۈرىيەنىڭ گىلان ئۆلكىسىدە تۇغۇلغان مەشھۇر مۇتەسەۋۋۇپ ئابدۇقادىر گىلانىي (ئابدۇقادىر جىلانىمۇ دېيىلىدۇ) دېگەن كىشى بولۇپ، بۇ كىشى كېيىنكى دەۋرلەردە «غەۋسىل ئەزەم» نامى بىلەن مەشھۇر بولغان.

11) موغال قەبرىستانلىقى

موغال قەبرىستانلىقى ئەگۈس يېزىسىنىڭ كاميا كەنتىدە، ناھىيە بازىرىغا 35 كىلومېتىر كېلىدۇ.

بۇ قەبرىستانلىقتا قويۇلغانلارنىڭ سالاھىيىتى، قەبرىلەرنىڭ يىل دەۋرى ئېنىق ئەمەس. تاش دۆۋىلەپ قويۇلغان قەبرە 10دىن ئاشىدۇ، رەتسىز، تارقاق ھالەتتە جايلاشقان. بۇ قەبرىستانلىقتا يەنە تاشتىن قوپۇرۇلۇپ سېلىنغان بىر مەسچىت، مەسچىت ئالدىدا بىر تاش ئابىدە بار. ئابىدىدىكى مەسچىتنىڭ ياسالغان ۋاقتىدىن قارىغاندا، بۇ قەبرىلەر خوجىلار دەۋرىگە تەۋە بولۇشى مۇمكىن.

**3. يېڭىساردىكى تاغلار**

1) ئالۋاستى تاغ ـــ بۇ تاغ ئېگىزيەر يېزىسىدا، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1840 مېتىر، شىمالدىن جەنۇبقا سوزۇلغان، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 2 كىلومېتىر. بۇ تاغدىن ئاساسلىقى سېمونت رۇدىسى چىقىدۇ. ئەتىياز پەسلىدە بۇ يەردە دائىم بوران چىقىدىغانلىقى ئۈچۈن «ئالۋاستى تاغ» دەپ ئاتالغان.

2) قاراباش تاغ ـــ بۇ تاغ ئېگىزيەر يېزىسىدا، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1931 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 2 كىلومېتىر. بۇ تاغدىن ئاساسلىقى ھاك تېشى چىقىدۇ. يېڭىساردىكى گەج ياسايدىغان كىشىلەر مۇشۇ تاغدىن رۇدا ئەكىلىپ ئىشلىتىدۇ.

3) غىرداڭغا تېغى ـــ قىزىل يېزىسىدا، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1659 مېتىر، غەربتىن شەرققە سوزۇلغان، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 11 كىلومېتىر، ناھىيە بازىرىغا تەخمىنەن 70 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغدا ھەرخىل ياۋا ئۆسۈملۈك ۋە ياۋايى ھايۋانلار بار. بۇ تاغ ئېگىز ـ پەسلىكى ئوخشاشمايدىغان تاغلاردىن تەشكىل تاپقان بولغاچقا، «غىرداڭغا تېغى» دەپ ئاتالغان.

4) بوز تاغ ـــ ئەگۈس يېزىسىنىڭ غەربىگە جايلاشقان، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1944 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 12 كىلومېتىر، ناھىيە بازىرىغا تەخمىنەن 35 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغ ئەتراپىدا ھەرخىل ياۋا ئۆسۈملۈك بار. بۇ تاغ قۇم ۋە قورام تاشلاردىن تەركىب تاپقان، رەڭگى بوز رەڭدە بولغانلىقى ئۈچۈن «بوزتاغ» دەپ ئاتالغان.

**4. يېڭىسار ناھىيە بازىرى تەۋەسىدىكى مەسچىتلەر**

1) كونا بورا بازار مەسچىت؛ 2) يېڭىشەھەر كۆلبېشى مەسچىت؛ 3) گۈللۈك ھويلا مەسچىت؛ 4) سېپىل ئۈستى مەسچىت؛ 5) قوغانچى مەسچىت؛ 6) يېڭى بازار مەسچىت؛ 7) ئايدىڭكۆل مەسچىت؛ 8) چىلان مازار مەسچىت؛ 9) گۈلباغ مەسچىت؛ 10) ئات بازىرى مەسچىت؛ 11) تاش بازىرى مەسچىت؛ 12) ھېجىچى كوچا مەسچىت؛ 13) يېڭىباغ مەسچىت؛ 14) قارىقۇز دۆڭ مەھەللە مەسچىت؛ 15) ساجىتاڭ مەسچىت؛ 16) يېڭى بورا بازار مەسچىت؛ 17) بىر مۇنارلىق مەسچىت؛ 18) چىلان چوڭ مەسچىت؛ 19) ئاق مەسچىت؛ 20) سىلىق مەسچىت؛ 21) ھېيتگاھ مەسچىت؛ 22) دەرۋازا مەسچىت؛ 23) ھېيتگاھ كىچىك مەسچىت؛ 24) گۈللۈك ھويلا مەسچىت؛ 25) يېڭىباغ مەمەتخان بېگىم مەسچىتى؛ 26) كالتايلاق مەھەللە مەسچىتى.

ھازىر بۇ مەسچىتلەردىن 22سى بار، بۇ مەسچىتلەر ئىچىدە يېڭىباغ مەمەتخان بېگىم مەسچىتى 1950 ـ يىللاردا، كالتايلاق مەھەللە مەسچىتى 1960 ـ يىللاردا، بىر مۇنارلىق مەسچىت (1984 ـ يىلى سېلىنغان) 2009 ـ يىلى، سېپىل ئۈستى مەسچىت 2011 ـ يىلى چېقىۋېتىلدى. قالغان مەسچىتلەردىن ھېيتگاھ مەسچىت بىلەن دەرۋازا مەسچىت يېڭىساردىكى ئەڭ قەدىمىي ۋە چوڭ مەسچىت (جامەئە)لەر ھېسابلىنىدۇ. شۇڭلاشقا بۇ ئىككى مەسچىت ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات بېرىپ ئۆتىمىز.

1) ھېيتگاھ مەسچىت ـــ يېڭىسار ناھىيەسىنىڭ شەھەر يېزىسىدىكى ھېيتگاھ كەنتىگە جايلاشقان، ناھىيە بازىرىغا بىر كىلومېتىر كېلىدۇ. 1882 ـ يىلى سېلىنغان، شۇ دەۋرلەردە «قارا چىناق مەسچىتى» دېيىمۇ ئاتالغان. 1943 ـ يىلى بۇ مەسچىتنى كېڭەيتىش ئۈچۈن ئالتە يىل ۋاقىت سەرپ قىلىنغان. كېيىن ئىككى قېتىم رېمونت قىلىنغان. 1950 ـ

يىلىغا كەلگەندە بۇ مەسچىتنىڭ رېمونت ئىشلىرى تولۇق تاماملانغان. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە بۇ مەسچىت كەنت ئىشخانىسى، ئامبار قىلىپ ئىشلىتىلگەن. 1982 - يىلى چەت ئەلدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئابدۇسوپۇر ھاجى دېگەن كىشىنىڭ مەسچىت قورۇلۇشى ئۈچۈن 20 نەچچە مىڭ يۈەن ئىئانە قىلىشى، جامائەتنىڭ پۇل يىغىش قىلىشى بىلەن بۇ مەسچىت قايتىدىن رېمونت قىلىنىپ، بۇگۈنكىدەك كۆركەم، چىرايلىق، ھەيۋەتلىك قىلىپ كېڭەيتىپ سېلىنغان. بۇ مەسچىت يېڭىسار ناھىيەسىدىكى ئەڭ چوڭ جامە بولۇپ، 7000دىن ئارتۇق ئادەم سىغىدۇ.

2) دەرۋازا مەسچىت ـ يېڭىسار ناھىيەلىك خەلق مەيدانى (كونا ھۆرىيەت مەيدانى)نىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان، خەلق مەيدانىغا 200 مېتىر كېلىدۇ.

تارىخىي خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، بۇ مەسچىت ئورنىدا كىچىكرەك بىر مەھەللە مەسچىتى بولۇپ، جامائەت پۇل يىغىشىپ بۇ مەسچىتنى كېڭەيتىپ سالغان. 1935 - يىلى يېڭىسارنىڭ ئامبلى باقىرجان ساۋۇت ئەلەم ئاخۇنۇم بۇ مەسچىتنى قايتا سېلىشقا مەسئۇل قىلىنغان، بۇ مەسچىت قويۇق مىللىي بىناكارلىق ئۇسلۇبىدا ئىككى قەۋەتلىك قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. 1980 - يىللاردا ناھىيەدىكى ئاتاقلىق دىنىي ئۆلىما مۇھەممەد ھاجىمنىڭ تەشەببۇسى بىلەن جامائەتتىن پۇل يىغىلىپ، بۇ مەسچىت مىللىي بىناكارلىق ئۇسلۇبىدا تېخىمۇ كۆركەم، ھەيۋەتلىك قىلىپ كېڭەيتىلگەن. بۇ مەسچىت يېڭىسار ناھىيەسىدىكى كۆلىمى چوڭراق، قەدىمىي مەسچىتلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئىلگىرىكى يىللاردىكى ھېيت - ئايەملەردە كىشىلەر مۇشۇ مەسچىت ئالدىدا ھېيت تەنتەنىسى قىلىپ، ناغرا - سۇناي ساداسىغا ئەگىشىپ، ساما ئۇسسۇلى ئويناشقان. ھازىر ھەر يىلى ھېيت - ئايەملەردە كىشىلەر «ئوردا ئالدى سودا مەركىزى»نىڭ ئالدىدا «ساما ئۇسسۇلى» ئويناپ، ھېيت بەزمىسى قىلىدۇ.

### 5. يېڭىسار ناھىيە بازىرى تەۋەسىدىكى كۆللەر

1) مەدرىس كۆل ـ ئوردا ئالدى سودا بازىرىنىڭ ئالدىدىكى يولنىڭ شەرقىي قىسمىغا توغرا كېلىدۇ؛ 2) ئاق مەسچىت كۆل ـ ھازىرقى ئاق مەسچىت يېنىدىكى مەدرىسنىڭ ئورنى؛ 3) ھېجىچى كوچىسىدىكى كۆل ـ بىلال يولداشنىڭ ئۆيى ئالدىدا؛ 4) يېڭىشەھەر كۆلبېشى مەھەللىسىدىكى كۆل ـ ھازىرقى يېڭىشەھەر كۆلبېشى مەسچىت ئالدىدىكى يولدا؛ 5) شەيخان كۆل ـ غوپۇر ھاجىم باققالنىڭ ئۆيى ئالدىدا؛ 6) بوربازار مەھەللە كۆلى ـ نېفىت شىركىتىنىڭ كەينى تەرىپىدە؛ 7) سېسىق كۆل ـ پاختا - چىگە شىركىتى ئولتۇراق رايونىنىڭ ئىچىدە؛ 8) ئايدىڭكۆل ـ ئايدىڭكۆل مەسچىتىنىڭ كەينىدە، ھازىرمۇ ئۆز ئورنىدا بار؛ 9) ئات بازىرى كۆل ـ ھازىرقى ئات بازىرى مەسچىتىنىڭ سول يان تەرىپىدە، ھازىرمۇ ئۆز ئورنىدا بار؛ 10) قازانچى كوچىسىدىكى كۆل ـ ئەھەت ھاجىمنىڭ ئۆيى ئالدىدا، ھۆسىيىن مۇسانىڭ ئۆيى دائىرىسىدە؛ 11) ھېيتگاھ جامە ئالدىدىكى كۆل ـ ھېيتگاھ مەسچىت ئالدىدا؛ 12) چىلان چوڭ مەسچىت كۆل ـ چىلان چوڭ مەسچىت يېنىدا؛ 13) يېڭىباغ مەسچىت كۆل ـ يېڭىباغ مەسچىت يېنىدا.

### 6. غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى

يېڭىسار ناھىيەسىدە دۆلەت دەرىجىلىك ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسىدىن سەككىزى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسى ئۈچ، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسى بەش. بۇلار تۆۋەندىكىچە:

دۆلەت دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى:

1) ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى پىچاقچىلىق ھۈنەر - سەنئىتى؛ 2) ئۇيغۇر كۇلالچىلىق ھۈنەر - سەنئىتى؛ 3) ئۇيغۇر سەگەزچىلىك ھۈنەر - سەنئىتى.

ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى: 1) ئۇيغۇرلارنىڭ تاش ئۇسسۇلى؛ 2) ساپايە ئۇسسۇلى؛ 3) ئۇيغۇر تۇماقچىلىقى (چىرا تەلپىكى، يېڭىسار تۇمىقى، يېڭىشەھەر تۇمىقى، ئاتۇش ئاق تۇمىقى)؛ 4) ئۇيغۇرلارنىڭ ھايۋانلارنى دوراش ئۇسسۇلى (شىر ئۇسسۇلى، غاز ئۇسسۇلى، ئۆردەك ئۇسسۇلى)؛ 5) ئۇيغۇر دارۋازلىق سەنئىتى.

### 7. يېڭىسار ناھىيە بازىرى تەۋەسىدىكى كوچا - مەھەللىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ھازىرقى ئورنى

1) يېڭىشەھەر ئىچى مەھەللىسى ـ ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ئەتراپى؛ 2) كۆۋرۈك بېشى مەھەللىسى ـ ھازىرقى تەنتەربىيە پائالىيەت مەيدانىنىڭ ئەتراپى؛ 3) ئاق مەسچىت مەھەللىسى ـ ھازىرقى ئاق مەسچىت ۋە مەدرىس ئەتراپى؛ 4) تاش بازىرى مەھەللىسى ـ ھازىرمۇ تۈگمەن تېشى بار مەھەللە؛ 5) سۈت - قايماق بازىرى ـ ھۆرىيەت مەيدانىنىڭ شىمال تەرىپى، ھازىرقى پوچتا ئىدارىسىنىڭ

جەنۇب تەرىپى؛ 6) خانىقا مەھەللىسى ــ ھازىرقى خەلق مەيدانىنىڭ دائىرىسى ئىچىدە؛ 7) سېسىق كۆلبېشى مەھەللىسى ــ تەرەققىيات بانكىسىنىڭ ئۇدۇل تەرىپىدىكى ئولتۇراق رايونى ئورنىغا توغرا كېلىدۇ؛ 8) بورا بازار مەھەللىسى ــ ھازىرقى نېفىت شىركىتى بىناسىنىڭ ئارقا تەرىپى، 2-باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ شەرق تەرىپىدە؛ 9) مەدرىس كۆلبېشى مەھەللىسى ــ ھازىرقى ھۆررىيەت مەيدانىنىڭ غەرب تەرىپىدىن ئوردا ئالدى سودا بازىرىنىڭ ئالدى تەرىپىگىچە بولغان دائىرە؛ 10) ساۋۇت ئەئلەم ئاخۇنۇم كوچىسى ــ ئوردا ئالدى سودا بازىرىنىڭ غەربىي شىمالى (تەرەققىيات بانكىسىنىڭ ئارقا تەرىپى) ؛ 11) ئازنا مەسچىت مەھەللىسى ــ تەرەققىيات بانكىسىنىڭ ئارقا تەرەپ غەربىي شىمالىغا توغرا كېلىدۇ؛ 12) توپلاڭ ھاجىم مەھەللىسى ــ ئاق مەسچىت مەھەللىسى بىلەن تاش بازىرى مەھەللىسى ئوتتۇرىسىدا؛ 13) زىندان كوچىسى ــ ئوردا ئالدى سودا بازىرىنىڭ ئارقا تەرىپى، نامەت لەگېۇگىنىڭ ئۆيى ئەتراپى؛ 14) ئاق هويلا مەھەللىسى ــ ئوردا ئالدى سودا بازىرىنىڭ ئارقا تەرىپى، يەنى بەكىراخۇن خەلپىتىم كوچىسى؛ 15) ئوردا مازار مەھەللىسى ــ ئوردا ئالدى سودا بازىرىنىڭ ئارقا تەرىپىگە توغرا كېلىدۇ؛ 16) يېڭىشەھەر كۆلبېشى مەھەللىسى ــ ھازىرقى يېڭىشەھەر كۆلبېشى مەسچىتىنىڭ ئۇدۇل غەرب تەرىپىگە توغرا كېلىدۇ (ناسىر زەرگەر بىلەن توختى ھاجىمنىڭ ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسى)؛ 17) ھۆررىيەت مەھەللىسى ــ ھۆررىيەت مەيدانىنىڭ جەنۇب تەرىپىگە، يەنى ھازىرقى ھۆررىيەت مەيدانى بىلەن دەرۋازا مەسچىت ئارىلىقى ۋە ئوردا ئالدى سودا بازىرى ئوتتۇرىسىغا توغرا كېلىدۇ؛ 18) سېپىل ئارقىسى مەھەللىسى ــ ئابلىمىت داموللاھاجىمنىڭ ئۆيى ئەتراپى؛ 19) شەيخان كۆلبېشى مەھەللىسى ــ سېپىل ئارقىسى مەھەللىسى بىلەن گۈللۈك هويلا مەھەللىسى ئوتتۇرىسىغا توغرا كېلىدۇ؛ 20) گۈللۈك هويلا مەھەللىسى ــ سىلىق مەسچىت ئالدىدىن غەرب تەرەپكە سوزۇلغان يول ۋە سابىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى شىركىتىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى گۈللۈك هويلا مەسچىت ئەتراپى؛ 21) بېدە بازىرى كوچىسى ــ دەرۋازا مەسچىت ئالدىدىن تاش بازىرى مەھەللىسىگە سوزۇلغان يول؛ 22) توغرىقۇي مەھەللىسى (توغرا ئېرىق) ــ ئات بازىرى مەسچىتىنىڭ سول تەرىپىدىن سىلىق مەسچىت ئالدىغىچە؛ 23) داشقاللىق ــ ئۇستىكار كوچىسىنىڭ شەرق تەرىپىدىن ئىلگىرىكى تىراكتور پونكىتى ئورنىغا سېلىنغان ئولتۇراق رايوننىڭ ئارقا تەرىپىگىچە بولغان ئارىلىق؛ 24) ئۇستىكار كوچىسى ــ دەرۋازا مەسچىتنىڭ يان تەرىپىدىن ئابدۇۋاھىت ھاجىم مەھەللىسىگىچە؛ 25) مەمەت مەزىن ئاخۇنۇم كوچىسى ــ دەرۋازا مەسچىتنىڭ يان تەرىپىدىن خەلق مەيدانىغىچە بولغان ئارىلىق (كونا 1-باشلانغۇچ مەكتەپ ئارقا ئىشىكىنىڭ سول يان تەرىپىگە توغرا كېلىدۇ)؛ 26) ئات بازىرى كوچىسى ــ دەرۋازا مەسچىت ئالدىدىن ئات بازىرى مەسچىت ئالدىغىچە؛ 27) دۆڭ كوچا ــ ئەزىزخان ھاجىم مەھەللىسى بىلەن ئىمەت ئاخۇن ئۇستام (تۆمۈرچى) ئۆيىگىچە بولغان ئارىلىق؛ 28) ئايدىڭكۆل مەھەللىسى ــ ئايدىڭكۆل مەسچىت ۋە ئايدىڭكۆلنىڭ ئەتراپى؛ 29) سىلىق مەسچىت مەھەللىسى ــ سىلىق مەسچىت ئەتراپى (توغرىقۇي بىلەن بېدە بازىرى كوچىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا توغرا كېلىدۇ)؛ 30) قازانچى كوچىسى ــ تىراكتور پونكىتى ئورنىغا سېلىنغان ئولتۇراق رايوننىڭ جەنۇبىي ئارقا تەرىپىگە توغرا كېلىدۇ؛ 31) غەۋسلىئەزەم كوچىسى ــ ھازىرقى سىدىق ھاجىم مەھەللىسى؛ 32) كالتايلاق (كالتە يايلاق) مەھەللىسى ــ ئات بازىرى كۆلى بويىدىن بۇلماق مازار كوچىسىغىچە؛ 33) ياڭاقلىق مەھەللىسى ــ ياڭاقلىق مەسچىتنىڭ كەينى تەرىپى؛ 34) يېڭىباغ مەھەللىسى ــ ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ كەينىدىن تارتىپ سېمونت زاۋۇتى ئائىلىلىكلەر قورۇسىنىڭ كەينىگىچە؛ 35) ھېيتگاھ ــ سېمونت زاۋۇتى ئائىلىلىكلەر قورۇسىنىڭ شىمال تەرىپىدىن يەر باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ كەينى تەرىپىگىچە؛ 36) چىلان مەھەللىسى ــ چىلان چوڭ مەسچىتتىن چىلان مازار ئەتراپىغىچە؛ 37) يېڭى بورا بازار مەھەللىسى ــ كونا ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ كەينى تەرىپىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىزاھ: يۇقىرىقى كوچا-مەھەللىلەر ئىچىدە مەدرىس كۆلبېشى مەھەللىسى، يېڭىشەھەر كۆلبېشى مەھەللىسىنىڭ بىر قىسمى، سېسىق كۆلبېشى مەھەللىسى، كۆۋرۈك بېشى مەھەللىسى قاتارلىقلارنىڭ ئورنى ئاساسىي جەھەتتىن ئۆزگىرىپ كەتتى.

### 8. يېڭىسار ناھىيە بازىرى تەۋەسىدىكى مەدرىسەلەر

بىز بۇ يەردە مەلۇمات بەرمەكچى بولغان مەدرىسە، باشلانغۇچ دىنىي مەكتەپلەرنىڭ كۆپىنچىسى 1958-يىلىدىن ئىلگىرى مەۋجۇت ئىدى، بۇلار تۆۋەندىكىچە:

مەدرىسەلەر: 1) كۆلبېشى مەھەللىسىدىكى چوڭ مەدرىسە ــ تەخمىنەن 1750-يىللىرى سېلىنغان، ئوردا ئالدى سودا بازىرىنىڭ مەركىزىي قىسمىغا توغرا كېلىدۇ؛ 2)

تاھىر بەگ مەدرىسەسى — توغرىقۇي مەھەللىسىدىكى ياقۇپ ئاۋۇدۇننىڭ ئۆيىنىڭ ئورنىغا توغرا كېلىدۇ؛ 3) ھوشۇر ھېكىمبەگ مەدرىسەسى — ئابلىمىت داموللاھاجىمنىڭ ئۆيىگە توغرا كېلىدۇ؛ 4) گۇللۇك ھويلا مەدرىسەسى — ئىمىن ھاجىمنىڭ ئۆيىنىڭ ئورنىغا توغرا كېلىدۇ؛ 5) ساماساق بېگىم مەدرىسەسى — بۇ مەدرىسە ھازىرمۇ بار بولۇپ، مېيىت نامىزى چۈشۈرىدىغان ئورۇن قىلىپ ئىشلىتىلىۋاتىدۇ.

باشلانغۇچ دىنىي مەكتەپلەر:

1) مەمەت ئاخۇن موللام مەكتىپى — سىلىق مەسچىت ئالدىدىكى ئەستىللا ھاجىمنىڭ ئۆيىگە توغرا كېلىدۇ؛ 2) ئابدۇساتتار موللام مەكتىپى — داشقاللىق كوچىسىغا جايلاشقان؛ 3) روزاخۇن خەلپىتىم مەكتىپى — قاراق يۈزى مەھەللىسىگە جايلاشقان؛ 4) ئېلاخۇن موللام مەكتىپى — دەرۋازا مەسچىت ئالدىغا جايلاشقان.

## ئىزاھلار:

[1] موللا ھاجى: «بۇغراخانلار تەزكىرىسى»، شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ جەمئىيىتى، تارىخىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن 1959 - يىلى 11 - ئايدا باستۇرۇلغان يېڭى يېزىقتىكى شاپىگراف نۇسخا، 14 - ، 15 - بەتلەر؛ «شىنجاڭ ئىسلام تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار» (ئىچكى ماتېرىيال)، 1 - توپلام، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى دىن تەتقىقات ئىنستىتۇتى 1988 - يىلى باستۇرغان، 25 - ، 26 - بەتلەر.

[2] ما پىنيەن: «جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مازارلار ۋە مازار ئېتىقادچىلىقى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1983 - يىللىق 3 - سان؛ راھىلە داۋۇت: «ئۇيغۇرلارنىڭ مازار مەدەنىيىتى ئۈستىدە تەتقىقات»، خەنزۇچە، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2001 - يىلى 5 - ئاي 1 - نەشرى، 90 - بەت.

[3] راھىلە داۋۇت: «ئۇيغۇرلارنىڭ مازار مەدەنىيىتى ئۈستىدە تەتقىقات»، خەنزۇچە، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2001 - يىلى 5 - ئاي 1 - نەشرى، 62 - بەت.

[4] چوقان ۋەلىخانوف: «قەشقەرگە سەپەر»، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 2005 - يىللىق 2 - سان، 13 - بەت.

[5] [شۋېتسىيە] گۇننار ئالفرېد ياررىڭ: «قەشقەرگە قايتا سەپەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 - يىلى 9 - ئاي 1 - نەشرى، 153 - بەت.

[6] ئابدۇلئەزىز مەسئۇم لاۋارىي توپلىغان «ئوردام قوشاقلىرى»، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 2008 - يىللىق 6 - سان، 108 - ، 109 - بەتلەر.

[7] ئابدۇلئەزىز مەسئۇم لاۋارى: «تارىخىي مەسىلىلەردە ئىلمىي پوزىتسىيە بولۇش لازىم»، بۇ ئوردام مازىرىنىڭ تەۋەلىكى توغرىسىدىكى ماقالە بولۇپ، يېڭىسار ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتى 1987 - يىلى 10 - ئايدا باستۇرغان، شاپىگراف نۇسخا، 7 - ، 8 - بەتلەر.

[8]، [12] ئابدۇلئەزىز مەسئۇم لاۋارى: «يېڭىسار ناھىيەسىدىكى مەدەنىي يادىكارلىقلار»، قوليازما، 3 - ، 8 - ، 9 - بەتلەر.

[9] راھىلە داۋۇت: «ئۇيغۇر مازارلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 - يىلى 3 - ئاي 1 - نەشرى، 64 - بەت.

[10] غولام ئەبەيدۇللا: « ‹ھەزرىتى بېگىم› ۋە ‹ئوردا خېنىم› مازىرىدىكى ئەنئەنىۋى پائالىيەت»، يېڭىسار ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتى 1987 - يىلى 10 - ئايدا باستۇرغان، شاپىگراف نۇسخا، 11 - بەت.

[11] موللا ھاجى: «بۇغراخانلار تەزكىرىسى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988 - يىلى 3 - ئاي 1 - نەشرى، 130 - ، 131 - بەتلەر.

[13] موللا ھاجى: «بۇغراخانلار تەزكىرىسى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988 - يىلى 3 - ئاي 1 - نەشرى، 119 - بەت.

[14] يۇنۇس سەمەت: «يېڭىسار ناھىيەسىدىكى قاراخانىيلار سۇلالىسىگە ئائىت مازارلار»، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1994 - يىللىق 3 - سان.

## پايدىلانمىلار:


[1] ئادىل مۇھەممەت تۇران: «قەشقەردىكى قەدىمىي ئىزلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 - يىلى 9 - ئاي 1 - نەشرى.

[2] يولۋاس مۇھەممەتئىمىن: «ئۇستى ئوچۇق مۇزېي قەشقەر»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2007 - يىلى 5 - ئاي 1 - نەشرى.

[3] ئادىل مۇھەممەت تۇران: «قەشقەرنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيەسى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2012 - يىلى 7 - ئاي 1 - نەشرى.

[4] «يېڭىسار تارىخ ماتېرىياللىرى»، 1 - توپلام، سىياسىي كېڭەش يېڭىسار ناھىيەلىك كومىتېتى 1991 - يىلى 8 - ئايدا باستۇرغان.

[5] «يېڭىسار تارىخ ماتېرىياللىرى»، 2 - توپلام، سىياسىي كېڭەش يېڭىسار ناھىيەلىك كومىتېتى 1992 - يىلى 9 - ئايدا باستۇرغان.

[6] ئابلەت ئابباس: «جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مەشھۇر تاۋاپگاھ — ‹ئوردام›»، «قەشقەر گېزىتى»نىڭ 1987 - يىلى 10 - ئاينىڭ 9 - كۈندىكى سانى.

[7] «يېڭىسار ناھىيەسىدىكى مازارلارنى تەكشۈرۈش خاتىرىسى»، 1995 - يىلى 6 - ئايدا يېزىلغان، قولىيازما.


تەھرىرلىگۈچى: جەمىلە ئابلا

# تۇرپان تەۋەسىدىكى كېمىر ئۆي ۋە ياپما ئۆي توغرىسىدا

ئەكرەم توختى

(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىدىن)

تۇرپان ۋىلايىتى شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسمىغا، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە جايلاشقان. تۇرپان ۋىلايىتىگە تۇرپان شەھىرى، توقسۇن ۋە پىچان ناھىيەلىرى قارايدۇ. بۇ جايلارنىڭ شېۋە جەھەتتە ئانچە-مۇنچە پەرقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، يېمەك-ئىچمەك، يۈرۈش-تۇرۇش، تۇرمۇش ئادىتى ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنى، كىلىماتى ۋە تەبىئىي مۇھىتى قاتارلىق ئامىللار تۇرپان خەلقىنىڭ ئۆزىگە خاس تۇرالغۇ شارائىتى يارىتىشىغا سەۋەب بولغان. تۇرپان شەھىرىنىڭ كىلىماتى قۇرۇقلۇق تىپىدىكى مۆتىدىل بەلباغنىڭ چۆل كىلىماتىغا، پىچان ناھىيەسىنىڭ كىلىماتى قۇرغاق كىلىماتقا، توقسۇن ناھىيەسىنىڭ كىلىماتى قۇرغاق چۆل كىلىماتقا كىرىدۇ، يازدا ئىنتايىن ئىسسىق بولىدۇ، يۇقىرى تېمپېراتۇرا 40℃تىن ئېشىپ كېتىدۇ. بۇ جايلاردا ھۆل-يېغىن ئاز، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشتا ئاساسەن يەر ئاستى سۈيىدىن پايدىلىنىلىدۇ، دەل-دەرەخ، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ قاپلىنىش نىسبىتى تۆۋەن، تۇپرىقى ئىنتايىن قۇرغاق. كىشىلەر مۇشۇنداق شارائىتلارغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ، يازدا سالقىن، قىشتا ئىللىق بولىدىغان، ياغاچ ماتېرىيال كۆپ كەتمەيدىغان كېمىر ئۆي ۋە ياپما ئۆيلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

## 1. كېمىر ئۆي

«ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»دە «كېمىر» سۆزىگە «پارسچە ئاتالغۇ، غارسىمان ئويۇقچە جاي، ئۈستى گۈمبەز شەكلىدە ئەگمە قىلىپ يېپىلغان ئۆي، كېمىر ئۆي» دەپ ئىزاھ بېرىلگەن («ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2011-يىلى 11-ئاي 1-نەشرى 888-بەت). كېمىر ئۆي «ئەگمە ئۆي» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. كېمىر ئۆي تۇرپان ھاۋاسىنىڭ يازدا ئىسسىق، قۇرغاق بولۇش، ھۆل-يېغىن ئاز بولۇش، ياغاچ كەمچىل بولۇش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئۇزۇن زامانلار سىناقتىن ئۆتۈپ خەلقنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشكەن ئۇيغۇر بىناكارلىق ئۇسلۇبىنىڭ بىرى.

كېمىر ئۆينىڭ تام-تورۇسلىرى پۈتۈنلەي كېسەكتىن قوپۇرۇلىدىغان بولغاچقا، يازدا سالقىن، قىشتا ئىللىق بولىدۇ. ئۆگزىسى ياي شەكلىدە يېپىلغاچقا، بېسىمنىڭ چۈشۈش نۇقتىسى تاراپ كېتىدۇ، ئانچە-مۇنچە ھۆل-يېغىننىڭ تەسىرىدە ئاراشلىرى ئېتىلىپ، بىر پۈتۈن ئۇيۇل ھالەتكە كىرىپ تېخىمۇ چىڭىپ كېتىدۇ. ئادەتتىكى تۈز ئۆگزىگە قارىغاندا تېخىمۇ مۇستەھكەم، كۆتۈرۈشلۈك بولىدۇ، خەلق ئارىسىدا «ئۈستىدە تىراكتور ماڭغۇزسىمۇ كۆتۈرىدۇ» دەيدىغان گەپ بار. يېقىنقى يىللاردىكى يېڭى ئۆي سېلىش قىزغىنلىقىدا بەزىلەر كېمىر ئۆينى بۇزۇۋېتىشنىڭ تەسلىكىنى ئېيتقان، شۇنداقلا يەر تەۋرەشكە چىداملىق بولىدىغانلىقىنى دېيىشكەن.

شىنجاڭدىكى كەسپلەر

كېمىر ئۆيلەرنىڭ تارىخى ئۇزۇن. پەتتار تۇرسۇن ئىدىقۇتى ئەپەندىنىڭ «تۇرپان قاراغوجىدىكى مەدەنىيەت ئىزلىرى» ناملىق ماقالىسىدە ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرىدىكى كېمىر ئۆيلەر ھەققىدە مۇنداق مەلۇمات بېرىلگەن: «ئۇزۇن كېمىر: بۇ جاي ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە، تاشقى شەھەر سېپىلى بىلەن ئىچكى شەھەر سېپىلىنىڭ ئارىلىقىدىكى سەكسەنبۇرجەك دېگەن جاينىڭ، يەنى يەرلىكلەر ھازىرغىچە ‹چىنتەخسە› دەپ ئاتايدىغان جاينىڭ غەربىي تەرىپىگە 20 مېتىرچە كېلىدىغان جايغا كېسەكتىن ھەيۋەتلىك قوپۇرۇلغان. كېمىرنىڭ تام ـ تورۇسلىرى ياغاچ ئىشلىتىلمەي كېسەكتىلا قوپۇرۇلغان. كېمىرنىڭ كەڭلىكى 4 ــ 5 مېتىرچە، ئېگىزلىكى 8 مېتىرچە، ئۇزۇنلۇقى 20 مېتىرچە كېلىدۇ، ئىچى سېپتا سۇۋالغان، ئاق گەج بىلەن ئاقارتىلغان، ھازىر ئاز ـ تولا ئىزىلا ساقلىنىپ قالغان. كىشىلەر بۇ جاينى ھېلىمۇ ‹ئۇزۇن كېمىر› دەپ ئاتاپ كەلمەكتە» («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 2014 ـ يىللىق 2 ـ سان). بۇلاردىن باشقا بېزەكلىكتىكى ئۆيلەرمۇ كېمىر شەكلىدە بولۇپ، تاغ باغرىنى ئويۇش ئارقىلىق ياسالغان.

كېمىر ئۆي سېلىشقا پەقەت كېسەك قۇيۇشقا ماس كېلىدىغان سېغىز تۇپراق ۋە ئاز مىقداردا ئۇششاق تاش كېتىدۇ. تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىدا لاي كېسەك قۇيۇشقا تازا ماس كېلىدىغان قاتتىق، ئەمما سېغىز توپا كۆپ بولۇپ، بۇ خىل كېسەكلەر بىلەن سېلىنغان كېمىر ئۆي ئۇزۇن يىل تۇرسىمۇ ھېچنېمە بولمايدۇ، بەلكى ۋاقىت ئۆزارغانسېرى شۇنچە پۇختىلىشىپ بارىدۇ. كېسەك لېيى قاتتىق تۇپراقتىن ئېتىلىدۇ، بۇ خىل لايدىن قۇيۇلغان كېسەك قۇرۇغاندىن كېيىن چىڭ بولىدۇ. كېمىر ئۆينىڭ كېسىكى ئەگىمە كېسىكى بىلەن تام كېسىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇ ئىككىسىنىڭ پەرقى بار. ئەگىمە كېسىكىنىڭ تۆت ئەتراپى تەكشى بولىدۇ، يۈزىگە بارماق بىلەن سىرىپ ئىز چىقىرىلىدۇ، بۇ ئىزلارنىڭ كېسەكلەرنى بىر ـ بىرىگە چىڭ چاپلاشتۇرۇش رولى بار. بۇ ئىككى خىل كېسەكنىڭ قېلىپى ئوخشىمايدۇ، يەنى تام كېسىكى قېلىن، ئەگىمە كېسىكى نېپىزرەك، ئەمما كەڭرەك بولىدۇ (تام كېسىكى بىلەن ئەگىمە كېسىكى ئوخشاش قېلىپتىن قۇيۇلغان ئەھۋالمۇ بار). تام كېسىكىنىڭ ئەڭ قېلىنى 12 سانتىمېتىرغا يېتىدۇ. بۇرۇن كېمىر ئۆيلەرنىڭ تېمى ناھايىتى قېلىن بولۇپ، بەزىلىرىنىڭ قېلىنلىقى بىر مېتىردىن ئاشىدىكەن. بۇ دەل بۇ خىل ئۆيلەرنىڭ يازدا سالقىن، قىشتا ئىسسىق بولۇشىدىكى سەۋەبتۇر.

ئەگىمە كېسىكىنىڭ لېيىغا قويۇلغان ئۆلچەم قاتتىق بولۇپ، لاي چوقۇم ياخشى بولۇشى، قېلىپقا قۇيۇلغاندا تۆت ئەتراپى تەكشى، سىلىق، زىچ قۇيۇلۇشى كېرەك. ئەگىمە كېسىكىنىڭ قېلىنلىقى ئادەتتە 6 ــ 8 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. كېمىر ئەگمىسىنى ئېگىشتە ئىككى كېسەكنىڭ ئېگىلگەن جايىغا كىچىك تاش قىستۇرۇلۇپ، كېسەكنىڭ يەرگە چۈشۈپ كەتمەي، بوشلۇقتا چىڭ تۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىنىدۇ. تورۇس، ئۆگزە ۋە ئۆينىڭ ئىچى ـ تېشى سامانلىق لاي بىلەن سۇۋىلىدۇ (كېيىن ھەر كىم ئۆز ئېھتىياجى بويىچە لاي ئورنىغا سېمونت ئىشلىتىدىغان ھەم ئاقارتىدىغان بولدى).



ھازىر كىشىلەر ئولتۇرۇۋاتقان كېمىر ئۆي

كېمىر ئۆيلەرگە ياغاچتىن روجەك دېرىزە ياسىلىپ، تېشىغا قوش قاناتلىق قاپقاق ئورنىتىلىدۇ، بۇ «پەنجىر» دەپ ئاتىلىدۇ. ھازىر بۇ خىل كونا پەنجىر ئىشلىتىلمەي، تۆمۈر ياكى سۇلياۋ پولاتتىن ياسالغان ئەينەكلىك زامانىۋى دېرىزىلەر ئىشلىتىلىدىغان بولدى.

كېمىر ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلمىسى ئائىلىلەرنىڭ قىزىقىشى، ئېھتىياجىغا قاراپ ئوخشاش بولمايدۇ، بەزىلەر تورۇسنى ئېگىز قىلسا، بەزىلەر پاكارراق قىلىدۇ، بەزىلەر تۈگۈلۈكنى چوڭ قىلسا، بەزىلەر كىچىك قىلىدۇ، بەزىلىرى ئويۇقنى كۆپ قىلسا، بەزىلىرى ئاز قىلىدۇ. قول ئىلكىدە بار ئائىلىلەر



**كېمىر ئەگمىسىدىكى كېسەكلەر ئارىسىغا قىستۇرۇلغان تاش**

ئاستىدا گەمىسى بار كېمىر ئۆي سالىدۇ، گەمىنىڭ تورۇسىمۇ كېمىر ئۆينىڭ تورۇسىغا ئوخشاش كېسەكتىن ئېگىلىدۇ. گەمە ئۆيلەر يازدا كۈندۈزلۈك ئارام ئېلىشقا، قىشتا كۆكتات ساقلاشقا تېخىمۇ باب كېلىدۇ. بەزى ئۆيلەرنىڭ گەمىسىدىن شۇ قورۇدىكى قۇدۇققا قارىتىپ سالقىنلاش روجىكى ئېچىلىدۇ، قۇدۇقتىن چىققان سالقىن ھاۋا گەمىگە كىرىپ گەمىنى تېخىمۇ سالقىن قىلىدۇ.

كېمىر ئېگىش ئۇسۇلى: بۇ، ئۆينىڭ تورۇسىنى يايسىمان ئەگمە ھالەتتە قوپۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ، يەرلىكلەر بۇنى ئاددىي قىلىپ كېمىر ئېگىش دەپ ئاتايدۇ. كېمىر ئېگىشتە ئاۋۋال ئوڭ قول تەرەپتىن، تۆۋەندىن يۇقىرىغا قاراپ كېمىرنىڭ چوققىسىغا بارغۇچىلىك ئېگىپ قوپۇرۇلىدۇ، ئاندىن ياڭاق چوڭلۇقىدىكى شىنا (قىستۇرۇلىدىغان تاش) قىستۇرۇلۇپ كېمىر تۇرغۇزۇلىدۇ. كېمىرنى شىنا تۇتۇپ تۇرىدۇ. شىنا بولمىسا، كېمىر تۇرماي ئۆرۈلۈپ چۈشىدۇ. ئۇستام كېمىرنىڭ چوققىسىنى ئۆزىنىڭ پېشانىسىگە نىشانلايدۇ. كېمىرنىڭ چوققىسىنى خۇددى توخۇمنىڭ ئۇچى شەكلىدە ئېگىپ. كېمىرنىڭ پۇختا ھەم چىڭ بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. كېمىردىكى ئېگىلگەن ھەربىر قۇرنىڭ كۆرسىغا تىرەلگەن قىسمى كېمىر تاپىنى دەپ ئاتىلىدۇ. كېمىر ئەگكۈچى ئۇستام مۇشۇ ئىككى نۇقتىغا ئىنتايىن دىققەت قىلىشى كېرەك. بۇنىڭدىن باشقا ھەربىر كېسەكنىڭ ئارىلىقىنى توغرا بەلگىلەش كېرەك. كېسەك ئارىلىقى چوڭ كېتىپ كەتسە، ئەگمە كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن، كىچىكلەپ كەتسە ئەگمە پەسلەپ كەتكەن بولىدۇ، بۇ ئەھۋالنى ياخشى كۆزىتىپ دەل ۋاقتىدا تۈزىتىش كېرەك. ۋاقتىدا تۈزىتىلمەي سەل قارالسا، كېمىر پۇختا، چىداملىق بولمايدۇ.

تەجرىبىسى مول كېمىر ئەگكۈچى ئۇستىلار كۈنگە ئۇزۇنلۇقى 5 — 6 مېتىر، كەڭلىكى 2.5 — 3 مېتىر ئەتراپىدىكى كېمىردىن 3 — 4 نى ئېگەلەيدۇ. ياي شەكلىدە ئېگىلگەن كېسەكلەرنىڭ يۈزى تۈز، سىپتا، كۆركەم كۆرۈنىدۇ، لاي سۇۋاق تەكشى بولۇپ، ئوگغۇل-دوگغۇل ئەھۋال كۆرۈنمەيدۇ.

كېمىر ئۆيلەرنىڭ ئۇزۇنلۇقىدا بەلگىلىك ئۆلچەم يوق. قارناق ئۆي 2 — 2.5 مېتىر، ياتاق ئۆي 3 — 3.5 مېتىر كەڭلىكتە بولىدۇ. ئارىلىق (زال، كارىدور) 4 — 4.5 مېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ، ئۇنىڭدىن كەڭ بولۇپ كەتسە خەتەرلىك بولۇپ قالىدۇ. ئېگىزلىكى جەھەتتە بۇرۇندىن ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئۆلچەم ئەڭ مۇۋاپىق بولۇپ، ئېگىزلىكى كەڭلىكىنىڭ يېرىمىغا تەڭ بولسا ئۆلچەملىك بولىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا قوش كېمىر ئۆي ئارىلىقىغا قىستۇرۇپ ئېگىلىدىغان يەنە بىر كىچىك كېمىر ئۆي بولۇپ، ئۇ «بالا كېمىر» دېيىلىدۇ، ئۇنىڭ

كەڭلىكى 1 ــ 1.5 مېتىرغىچە بولىدۇ، بالا كېمىرنىڭ ئىشكى ئۆينىڭ ئىچىدە، ئاساسلىقى مېهمانخانا ئۆيدە بولىدۇ، ئىشكى ئويۇق ياكى ئىشكاپنىڭ ئارقىسىغا مەخپىي ئورنىتىلىدۇ. بۇرۇنقى زاماندا بايلار بالا كېمىردە ئاشلىق ۋە باشقا مۇھىم نەرسىلىرىنى ساقلىغان، بىر قىسىم دېهقانلارمۇ تەبىئىي ئاپەت ۋە ئىجتىمائىي ئاپەتلەردە قىيىنلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇنى تۇرمۇشىغا كېرەكلىك يېمەك ـ ئىچمەكلەرنى ساقلايدىغان مەخپىي ئىسكىلات قىلىپ پايدىلانغان.

**2. ياپما ئۆي**

ياپما ئۆينىڭ تارىخىمۇ خېلى ئۇزۇن، كونىلارنىڭ دەپ بېرىشىچە بۇرۇنقى زامانلاردا بايلارنىڭ ئۆيلىرىنىڭ تورۇسى لىم ـ ياغاچ بىلەن يېپىلاتتىكەن. بۇ خىل كونا پاسوندىكى ياپما ئۆيلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى يەنىلا ئىسسىق ئۆتكۈزمەسلىك، سوغۇق ئۆتكۈزمەسلىكتۇر. ياپما ئۆيمۇ ئاساسلىقى كېسەكتىن سېلىنىدۇ، ئۈستىگە لىم ـ چەگىزلەر قويۇلۇپ بورا بىلەن يېپىلىپ، ئاندىن تال، شاخ ـ شۇمبا قويۇلۇپ لاي بىلەن سۇۋىلىدۇ. بىراق، ياپما ئۆينىڭ تورۇسى نېپىز يېپىلىپ قالسا ئۆينىڭ يازدا سالقىن بولۇش، قىشتا ئىسسىق بولۇش ئىقتىدارى كېمىر ئۆينىڭكىدىن سەل تۆۋەن بولۇپ قالىدۇ، يەنە كېلىپ، تۇرپان ۋىلايىتىدىمۇ ئاندا ـ ساندا يامغۇر ياغىدىغانلىقتىن، يامغۇر قاتتىقراق يېغىپ قالسا، ياپما ئۆيلەرنىڭ تورۇسىدىن يامغۇر ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، ئاساسەن خىش ـ ياغاچ قۇرۇلمىلىق ياپما ئۆي ئومۇملىشىشقا يۈزلەندى. خىش بىلەن سېلىنغان ئۆيلەر كېسەك تاملىق ئۆيلەرگە قارىغاندا چىداملىق، كۆركەمرەك بولسىمۇ، لېكىن يازدا بەك ئىسسىق بولغاچقا، ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەر ئاتا ـ بوۋىسىدىن قالغان كېمىر ئۆيلەرنى تەۋەرۈك سۈپىتىدە ساقلاپ، ياخشى بېزەپ ئولتۇرۇپ كەلمەكتە.

ھازىر 40 ــ 50 يىللىق ھەم ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇن يىللىق تارىخقا ئىگە كېمىر ئۆيلەر كۆپ قالمىدى، كېمىر ئۆي ئۇستىلىرىمۇ بىر ـ بىرلەپ بۇ دۇنيادىن كەتكىلى تۇردى. ئەجدادلىرىمىز نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان تۇرپاندىن ئىبارەت قاتتىق ئىسسىق بولىدىغان مۇشۇنداق زېمىننىڭ شارائىتىغا يارىشا ئىجاد قىلغان بۇ مىراس ئەمدىلىكتە ئۈزۈلۈپ قېلىش ئالدىدا تۇرماقتا. مېنىڭچە كېمىر ئۆي توغرىسىدا مۇكەممەل بىر قوللانما تۈزۈش، خاتىرە فىلىم ئىشلەش، ئىز باسار تەربىيەلەش، كېمىر ئۆي خاتىرە سارىيى سېلىش، كېمىر ئۆينى غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈش، شۇ ئارقىلىق بۇ ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى ساقلاپ قېلىش تولىمۇ زۆرۈر.



كېمىر ئەگمىسىنىڭ سۇۋالمىغان كۆرۈنۈشى

*بۇ ماقالىنى يېزىشتا ماتېرىيال توپلاشقا يېقىندىن ياردەم بەرگەن رەھمىتۇل مۇنۇپ ئەپەندى، پەتتار تۇرسۇن ئىدىقۇتى قاتارلىق پېشقەدەملەرگە چىن قەلبىمدىن رەھمىتىمنى بىلدۈرىمەن.*

تەھرىرلىگۈچى: ئەخمەت روزى توغرايول

# يەكەن سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە قوللىنىلغان ئاساسلىق مەمۇرىي ـ لەشكىرىي تۈزۈملەر توغرىسىدا

ئەكرەمجان مەتروسۇل ئۇمىدى، بۇنىيازگۈل سەمەت

(يەكەن ناھىيەلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتىن)

يەكەن خانلىقى شىنجاڭ تەۋەسىدە چاغاتاي ئەۋلادلىرى تەرىپىدىن قۇرۇلغان ئەڭ ئاخىرقى خانلىق بولۇپ، جەمئىيەت تەرەققىياتى سەۋىيەسىدىن قارىغاندا، چاغاتايلار تارىخىدا يۈكسەك دەرىجىدە راۋاجلانغان خانلىق ھېسابلىنىدۇ.

**1. ئاساسلىق مەمۇرىي تۈزۈملەر**

يەكەن خانلىقى قۇرۇلۇشى بىلەنلا، بىر قەدەر مۇكەممەل ھۆكۈمرانلىق گەۋدىسى تىكلەنگەن. ھۆكۈمرانلىق ئاساسەن سۇيۇرغاللىق ۋە بەگلىك تۈزۈمى ئاساسىغا ئورنىتىلغان. ئەڭ ئالىي ھۆكۈمران يەنىلا بۇرۇنقىدەك «خان» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان. ئۇنىڭدىن كېيىن ئوغلان (ياكى سۇلتان)، ئاتابەگ (باش ۋەزىر)، ۋەزىر، ئۆلىما، ئەمىربەگ قاتارلىقلار تۇرغان. خانلار تەختكە چىقىشى بىلەنلا ئۆزىگە قاراشلىق رايونلارنى ئوغلانلىرىغا سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەن ۋە سۇيۇرغال ئىگىلىرىنى «سۇلتان» دېگەن نام بىلەن ئاتىغان. سۇلتانلىق ئورنى ئاتىدىن بالىغا مىراس قالغان. سۇلتانلار ئۆزىگە تەۋە سۇيۇرغاللىق زېمىنلارنىڭ ئەڭ ئالىي ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارى بولغان. خان سۇلتانلارغا ياردەمچى قىلىپ، ئاتابەگ مىرزا ۋە ئىشىك ئاغا، ئەمىر قاتارلىق ئەمەلدارلارنى بەلگىلىگەن. سۇلتانلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىن خان ئالدىدا جاۋابكار بولىدىغان ئالاھىدە مەجبۇرىيەتلىرى بولغان، ئۇلار بەلگىلەنگەن مۇددەتتە خاننىڭ ئالدىغا كۆرۈنۈشكە بېرىپ، «توققۇز تارتۇق قىلىشى»، بولۇپمۇ ھېيت ـ بايراملارنى نۇرغۇن تارتۇق بىلەن كېلىپ، خان بىلەن بىللە ئۆتكۈزۈشى لازىم ئىدى. قائىدە ـ يوسۇن بويىچە ئۇلارنىڭ بىر يىلدا كەم دېگەندە ئۈچ قېتىم تارتۇق ئەۋەتىشى كېرەك ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇرۇشتا قولغا چۈشكەن قىممەت باھالىق ئولجىلار، چەت مەملىكەت ئەلچىلىرىنىڭ سوۋغا ـ سالاملىرى قەتئىي تۈردە خانغا تاپشۇرۇلۇشى، شۇنىڭدەك سۇلتانلار سىياسىي جەھەتتىن خانلىق ۋە خاننىڭ ئومۇمىي قانۇنلىرى ۋە ئەمىر ـ پەرمانلىرىنى قەتئىي ئىجرا قىلىشى لازىم ئىدى. يەكەن خانلىقىنىڭ خانلىق قانۇنى ئاساسەن قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ بۆيرۇق قانۇنى، چىڭگىزخان تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «جاساق قانۇنى» ۋە ئىسلام دىنىنىڭ «شەرىئەت قانۇنى» قاتارلىقلارنىڭ قوشۇلمىسىدىن ئىبارەت بولغان. ئەگەر سۇلتان ۋە باشقا ئەمەلدارلار قانۇنغا خىلاپلىق قىلسا، ھوقۇقنى تارتىۋېلىش، سۈرگۈن قىلىش، خانلىقتىن قوغلاپ چىقىرىش، مال ـ مۈلكىنى ۋە يانچىلىرىنى مۇسادىرە قىلىش قاتارلىق جازالار قوللىنىلغان. ئەگەر پۇقرالار قانۇنغا خىلاپلىق قىلسا، ئاساسلىقى شەرىئەت قانۇنى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنغان. شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، يەكەن خانلىقى دەۋرىدە، بۇرۇنقى دوغلات قەبىلىلىرىنىڭ توققۇز گۇناھ قانۇنى، ئۇلارنىڭ ئالاھىدە ئىمتىيازلىرى بىكار قىلىنغان.

يەكەن خانلىقى دەۋرىدە، ئىلگىرىكى خانلىقلار دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن بەگلىك تۈزۈمى راۋاجلانغان، مۇكەممەللەشكەن ۋە ھۆكۈمرانلىق تۈزۈمىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگىچە كېڭەيتىلگەن. بولۇپمۇ ئابدۇللاخان دەۋرىدە، بۇ تۈزۈم كەڭ يولغا قويۇلغان ۋە سۇلتانلارنىڭ ھوقۇق دائىرىسى خېلى دەرىجىدە تارايتىلغان. يەكەن خانلىقىغا، بولۇپمۇ ئۇنىڭ كېيىنكى دەۋرىگە ئائىت ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، سۇلتانلارنىڭ قول ئاستىدا (ئابدۇللاخان دەۋرىدىن كېيىن سۇلتانلارنىڭ ئورنىدا) ئالاھىدە ھاكىمبەگلەر



تەيىنلەنگەن. ھاكىمبەگلەر يەنە «تۇمەنبېگى» دېگەن نام بىلەنمۇ ئاتالغان، ئۇلارنىڭ ئىلكىدىكى زېمىنلار «ھاكىمى ۋىلايەت» ياكى «ۋىلايەت» دەپ ئاتالغان. ئەڭ دەسلەپ قەشقەر، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، باي، سايرام، كۇچا، بۇگۇر، قارا شەھەر، خوتەن، تاشبالىق (تاشمىلىق)، سېرىقول قاتارلىق جايلارغا ھاكىمبەگ قويۇلغان. كېيىنچە ئاھالىنىڭ كۆپىيىشى ۋە قاتناش مەسىلىلىرى كۆزدە تۇتۇلۇپ، يېڭىسار، بارچۇق، پەيزىۋات، قارغىلىق، ئاتۇش، بەشكېرەم، ئارغۇ، ئوپال ھەم يەكەنكە قاراشلىق توققۇز كەنت، چىپان، قوشراپ، سانجۇ، يۈرۈڭقاش، قاراقاش، چىرىيە، كېرىيە قاتارلىق جايلاردىمۇ ھاكىمبەگلەر تۇرغۇزۇلغان. ھاكىمبەگلەرنىڭ قول ئاستىدا يەنە ھەر بىر رايوننىڭ مەمۇرىي ئەمەلدارلىرى — بەگلەر تۇرغان.

ھاكىمبەگ ۋە بەگلەرنىڭ ھوقۇق دائىرىسى ناھايىتى ئېنىقكە ئايرىلغان بولۇپ، ۋىلايەتلەردە ھاكىمبەگلەرنىڭ بىۋاستە ياردەمچىسى سۈپىتىدە يەنە ئاتابەگ، ئىشىك ئاغا بەگ، مىرزا بەگ، دوگان بەگ، دەستۇرخان بەگ ۋە دورغابەگلەر قويۇلغان. بۇلاردىن باشقا يەنە ھەر قايسى ساھەلەرنى باشقۇرىدىغان شاڭ بەگ (سودا بېگى)، قازى بەگ (شەرىئەت قانۇنلىرى بېگى)، ناقىپ بەگ (مەمۇرىي ۋە قانۇنىي ئىشلارنىڭ باش نازارەتچىسى)، مۇتەسىپ بەگ (دىنىي مۇراسىملار بېگى)، كوتۋال بەگ (شەھەر ئامانلىقى بېگى)، باجگەر بەگ (باج ئىشلىرى بېگى)، مىراب بەگ (سۇ ئىشلىرى بېگى)، پاششاپ بەگ (قانۇنىي ئىشلارنى ئىجرا قىلغۇچى بەگ)، خەزىنىچى بەگ (خەزىنە ئىشلىرى بېگى)، جەبە بەگ (قورال-ياراغ ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان بەگ)، ئىشقاغا بەگ (قاتناش، ئۆتەڭ ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان بەگ)، ھارۋا بەگ (تاشقى سودا بېگى)، باغماتارى بەگ (باغ ۋە تېرىقچىلىق ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان بەگ)، بازار بەگ (بازار ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان بەگ)، مىس بەگ (كان ئىشلىرى بېگى)، ماناپ بەگ (ماناپ بېگى، يەنى قىرغىزلارنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان بەگ)، تۆرە بەگ، ئاقىلاقچىبەگ بەگ (قازاقلارنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان بەگ)، جاساق بەگ (غەيرىي مۇسۇلمان موڭغۇللىرىنى باشقۇرىدىغان بەگ)، تارخان بەگ (تۇرپان ۋە قومۇل رايونلىرىنى باشقۇرىدىغان بەگ)، دوپ بەگ (توپ بەگ 2000 — 5000 ئائىلىنى باشقۇرىدىغان بەگ)، مىڭ بەگ (1000 ئائىلىنى باشقۇرىدىغان بەگ)، يۈز بەگ (100 — 200 ئائىلىنى باشقۇرىدىغان بەگ)، ئورچىن بەگ (10 — 50 ئائىلىنى باشقۇرىدىغان بەگ)، ئون بەگ (10 ئائىلىنى باشقۇرىدىغان بەگ) قاتارلىق ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلار بېكىتىلگەن. يەنە باشقا دۆلەتلەرگە ئەۋەتىلگەن ياكى چەت دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئەلچى بەگ (ساپارەتبەگ)، نايىپ بەگ (خاننىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە چەت دۆلەت ئەلچىلىرى بىلەن سۆھبەت ئېلىپ بارىدىغان بەگ) ۋە تەرجىمانلىق ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان تىلماچ بەگ قاتارلىق ئەمەلدارلارمۇ قويۇلغان. يەكەن خانلىقىنىڭ ھامىيلىقىدىكى قازاق خانلىقىدا شۇنداقلا بەدەخشان ۋە كەشمىر قاتارلىق جايلاردا، يەنىلا ئۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى ھۆكۈمرانلىق تۈزۈمى — سۇلتانلىق تۈزۈمى ساقلاپ قېلىنغان.

يەكەن خانلىقىنىڭ بەگلىك تۈزۈمى ئەينى زاماندا ناھايىتى ئەۋج ئالغان يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ ئاساسىغا قۇرۇلغان. خانلىق ھەر دەرىجىلىك بەگلەرگە يانچى ۋە تېرىلغۇ يەر تەقسىم قىلىپ بەرگەن. خانلىق بۇ خىل تۈزۈمنى قانۇن ئارقىلىق قوغدىغان. يانچىلار سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىن بەگلەرگە تامامەن بېقىندى بولۇپ، مەھسۇلاتنىڭ ئوندىن توققۇز ئۈلۈشىنى بەگلەرگە تاپشۇرغان. بەگلەر يانچىلارنى ئۇرۇق ۋە ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى بىلەنلا تەمىنلىگەن. ئەگەر مەھسۇلات ئاشۇرۇپ ئورۇنلانسا، ئاشقان قىسمىنىڭ ئوندىن ئۈچ ئۈلۈشى يانچىلارغا قالغان. يانچىلارنىڭ قېچىپ كېتىشىگە، باشقا يۇرتلارغا كۆچۈپ ئولتۇراقلىشىشىغا، باشقا بەگلەرگە ئالمىشىپ يانچىلىق قىلىشىغا، ئۆزىگە تەقسىم قىلىنغان يەرنى باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىشىگە، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشىغا يول قويۇلمىغان. يانچىلار بۇنىڭدىن باشقا يەنە بەگلەرنىڭ ھاشار-ھەيسى، يول، كۆۋرۈكلەرنى ياساش، ئۆي-ئىمارەتلەرنى سېلىش قاتارلىق بىر مۇنچە ھەقسىز ئەمگەكلىرىنى ئىشلەپ بېرىشكە مەجبۇر بولغان.

بەگلەرمۇ خۇددى سۇلتانلارغا ئوخشاشلا بەلگىلەنگەن مۇددەتتە، بولۇپمۇ ھېيت-بايراملاردا خان ۋە سۇلتانلارغا ئالاھىدە «توققۇز تارتۇق» قىلىشى، خان ۋە سۇلتانلارنى بىر يىلدا كەم دېگەندىمۇ ئۈچ قېتىم مېھمان قىلىشى، ئۇلارنىڭ «مۇبارەك قەدەملىرى»گە ئاتاپ يەنە بىرمۇنچە تاۋار-دۇردۇن ۋە

چارۋا سوۋغا-سالام قىلىشى شۇنىڭدەك خان ۋە سۇلتانلارغا بەلگىلەنگەن مىقداردا باج-خىراجلارنى تۆلىشى، ئۇرۇش بولغان چاغلاردا ئۆز تەۋەلىكىدىن قوشۇن تەشكىللەپ، ئۇرۇشقا قاتنىششى، بولۇپمۇ خانلىقنىڭ ئەمىر-پەرمانلىرىنى قەتئىي قوغداپ ئىجرا قىلىشى شەرت ئىدى. ئەگەر بەگلەر خانلىققا ئاسىيلىق قىلسا، تويلاڭ قوزغىسا ياكى باشقا گۇناھ، جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزسە، گۇناھىنىڭ دەرىجىسىگە قاراپ، ھوقۇقىنى تارتىۋېلىش، يانچى ۋە بۆلۈپ بېرىلگەن زېمىنىنى كېمەيتىش ياكى تامامەن مۇسادىرە قىلىش، زىندانغا تاشلاش، سۈرگۈن قىلىش، قاتارلىق جازالارغا ئۇچرىغان.

يەكەن خانلىقىدا يانچىلاردىن باشقا يەنە «ئورتاقچىلار» دەپ ئاتالغان ئالاھىدە بىر ئەمگەكچىلەر تەبىقىسى بار بولغان. بۇلار ئاساسەن ئىقتىسادىي جەھەتتىن يانچىلاردەك بەگلەرگە باغلانمىغان ۋە ئاز تېرىلغۇ يەرگە ئىگە ياكى تېرىلغۇ يېرىدىن ئايرىلغان دېھقانلار ئىدى. ئورتاقچىلار ئۆز ئىچىدە يەنە پۈتۈن ئورتاقچى ۋە بىكار ئورتاقچى دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنەتتى. پۈتۈن ئورتاقچىلىق تۈزۈمىدە تېرىلغۇ يەر ۋە ئۇرۇققا بەگلەر مەسئۇل ئىدى. بۇنداق ھالەتتە ئورتاقچىلارغا يەردىن چىققان ھوسۇلنىڭ ئۈچتىن بىر ئۈلۈشىلا تەقسىم قىلىناتتى. ئومۇمەن ئورتاقچىلىق تۈزۈمى بەگلەر بىلەن ئورتاقچىلارنىڭ ئالاھىدە توختاملىرىغا باغلىق بولۇپ، بۇ توختامغا بەگ بىلەن ئورتاقچى شۇنداقلا قازى ۋە ئونبېشى ياكى يۈز بېشى ھەم گۇۋاھچىلارنىڭ ئىمزا ۋە مۆھۈرلىرى بېسىلىشى شەرت ئىدى. يەكەن خانلىقىدا بىكار ئورتاقچىلار ھامان يانچىلارنىڭ كېلىش مەنبەسى ئىدى.

**2. لەشكىرىي تۈزۈملەر**

يەكەن خانلىقى ھۆكۈمرانلىقىنى قوغداش ۋە مۇستەھكەملەش ئۈچۈن كۆپلەپ قوراللىق كۈچ تەشكىللىگەن. بۇ قوراللىق كۈچلەر ئاساسەن قوشۇن ياكى چېرىك (ئۇرۇشچى)، ياساۋۇل (ئامانلىقنى ساقلىغۇچى) دەپ ئىككى قىسىمغا ئايرىلغان. جىددىي ئۇرۇش ياكى باشقا رايونلارغا قىلىنغان ھەربىي يۈرۈشلەرگە ياساۋۇللارمۇ قاتناشقان، لېكىن ئۇلارنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى يەنىلا خانلىقنىڭ ئىچكى قىسمى، بويسۇندۇرۇلغان رايونلار ۋە شەھەرلەرنىڭ مۇقىملىقى ۋە ئامانلىقىنى ساقلاش ئىدى. خان قوشۇننىڭ ئالىي باش قوماندانى بولسا، سۇلتانلار سۇيۇرغاللىق زېمىنلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان. ۋىلايەتلەردە ھاكىمبەگلەردىن باشقا يەنە ئەمىر ياكى چېرىكبېشى تۇرغۇزۇلغان. چېرىكبېشىنىڭ يېنىدا يەنە ئالاھىدە تۇغ بېگى بولغان.

يەكەن خانلىقىنىڭ ئۇرۇشچى قوشۇنلىرى جۇڭغار (سول قانات) ۋە بۇرانغار (ئوڭ قانات) دەپ چوڭ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن. بۇ ئەسلىدە چىڭگىزخان ۋە چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدە پەيدا بولغان بىر ھەربىي تۈزۈم ئىدى. بۇ قوشۇنلارنىڭ ئىچىدە مەھرەم (خاننى قوغدىغۇچى قوشۇن)، قۇرچى ياكى قورۇقچى (ئوردا مۇھاپىزەت قوشۇنى)لارنىڭ ئورنى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، بۇ ئاساسەن ئىشەنچلىك بەگلەر ۋە باشقا ئېسىلزادىلەرنىڭ پەرزەنتلىرىدىن تەشكىللەنگەن. بۇلار مەرگەنلىك، قىلىچۋازلىق ۋە جانبازلىقتا ئالاھىدە تەربىيەلەنگەن. ئۇلار ئۇچىسىغا كۆپىنچە ئالتۇن، كۈمۈش ۋە تۆمۈردىن زەنجىرسىمان قىلىپ ئىشلەنگەن ساۋۇت، بېشىغا دۇبۇلغا كىيگەن، ھەيۋەتلىك قالقانلارنى ئىشلەتكەن. باشقا قوشۇنلار بولسا زەربەدار (پىيادە قوشۇن)، سەرباز (ئاتلىق قوشۇن) ۋە يىگىت دەپ ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنگەن. يىگىتلەر ئاساسەن مۇنتىزىم قوشۇنلارنىڭ ياردەمچىسى بولۇپ، كۆپىنچە ئۇرۇش بولغان چاغلاردا ۋىلايەتلەردىن تولۇقلانغان ۋە ئۇرۇشتىن كېيىن ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قوشۇنلار ئىدى. زەربەدار ۋە سەرۋازلار ئۆز ئىچىدە، يەنە بىۋاسىتە تۇغ بېگى قوماندانلىقى ئاستىدىكى تۇغچى (تۇغ-ئەلەم كۆتۈرگۈچى قوشۇن)، باسچى (ناغرا-سۇنايچى قوشۇن) ھەم چېرىكبېشى قوماندانلىقىدىكى باكاۋۇل (ھەربىي تەمىنات قوشۇنى)، چاپاۋۇل (خەۋەرچى قوشۇن)، ھىراۋۇل ياكى تىلچى (دۈشمەننى چارلىغۇچى قوشۇن)، كەپتاۋۇل (ھۇجۇمچى قوشۇن)، پىلتىرچى ياكى توپچى (توپ-زەمبىرەكچى قوشۇن)، ئوقچى (ئوقياچى قوشۇن) قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنگەن. بۇ خىل خېلى مۇكەممەل ھەربىي تۈزۈم، ئاساسەن سۇلتان ئابدۇرەشىتخان دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، ئابدۇكېرىم خان ۋە ئابدۇللاخان دەۋرىدە يەنىمۇ مۇكەممەللەشكەن.

**3. يەكەن خانلىقىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش سىياسەتلىرى**

تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، يەكەن خانلىقى قۇرۇلۇشى بىلەنلا ئاھالە كۆچۈرۈپ، بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش سىياسىتى قوللىنىلغان. جۈملىدىن قىزىلسۇ (قەشقەر) دەرياسى، يەكەن دەرياسى ۋە ئۇنىڭ غول تارمىقى بولغان

تىزناپ دەرياسى، قارا قاش دەرياسى، يۇرۇڭقاش دەرياسى، نىيە دەرياسى، كېرىيە دەرياسى، ئەندىرە دەرياسى، ئاقسۇ دەرياسى، تارىم دەريالىرىنىڭ بويلىرىدا بىر مۇنچە يېڭى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مەيدانلىرى ۋە ئاھالە نۇقتىلىرى بارلىققا كەلگەن. ئەندىرە دەرياسى ۋادىسىدىكى ئەندىرە لەڭگەر، كېرىيە دەرياسى ۋادىسىدىكى ئويتوغراق، لايسۇ، قارا قاش دەرياسى ۋادىسىدىكى لاگرۇ، ياۋا، زاۋا، يەكەن دەرياسى ۋادىسىدىكى ھەسەلباغ، يېڭى ئاۋات (ھازىرقى ئاستىن ئاۋات)، ھازىرقى مارالبېشىنىڭ يېنىدىكى ئاقتام شۇنداقلا ئاۋات، ئۈچ (ئۈچتۇرپان)، شايار، كۇچا ئەتراپىدىكى بىرمۇنچە يېزا-كەنتلەر دەل شۇ چاغلاردا بارلىققا كەلگەن. بۇ چاغدا بۇغداي، قوناق، پۇرچاق، گۈرۈچ قاتارلىق دانلىق زىرائەتلەرنى تېرىش ناھايىتى كېڭەيگەن، بولۇپمۇ دەريا ۋادىلىرىدا كەڭ كۆلەملىك شال ئېتىزلىرى كۆپەيگەن. بۇنىڭدىن باشقا يەنە كېۋەز، قىچا، زىغىر، كۇنجۇت، قىزىلچا قاتارلىق ئىقتىسادىي زىرائەتلەرمۇ كۆپلەپ تېرىلغان. باغۋەنچىلىك ناھايىتى جانلانغان. سۇ قۇرۇلۇشلىرىمۇ خېلى راۋاجلانغان، قەشقەر، تۇرپان ۋە كۇچا ئەتراپىدا بىرمۇنچە يېڭى كارىزلار مەيدانغا كەلگەن. بولۇپمۇ قەشقەرنىڭ 60 كىلومېتىر جەنۇبىدا «خان ئېرىق» ناملىق بىر چوڭ ئۆستەڭ قېزىلغان بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى يۈكسەلدۈرۈشتە زور رول ئوينىغان. مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، بۇ چوڭ ئۆستەڭ يەكەن خانلىقىدىكى مۇھەممەت خان دەۋرىدە قېزىلغان.

يەكەن خانلىقى دەۋرىدە، ھۈنەر-كەسىپ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان، ھەم كۆلەملىشىشكە، ھەم نەپىسلىككە ۋە يۇقىرى سەۋىيەگە قاراپ يۈزلەنگەن. بۇ چاغدا بافىندىچىلىك (توقۇمىچىلىق)، چىغىرىقچىلىق، چۆپ تاراشلىق (ياغاچچىلىق)، خەرراتلىق (ياغاچ سايمانلىرىنى ياساش)، دىلگەرچىلىك (تاشئويمىچىلىق)، ئەھەنگەرلىك (تۆمۈرچىلىك)، مىسكەنچىلىك (مىسكەرچىلىك)، زەرگەرچىلىك (ئالتۇن، كۈمۈش بۇيۇملىرىنى ياساش) قاتارلىق قول ھۈنەر ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ خېلى كۆلەمدىكى كارخانىلىرى مەيدانغا كەلگەن شۇنداقلا پوستدوزچىلىق (تىككۈچىلىك)، رەڭرىزلىك (بوياقچىلىق)، رەۋشەنگەرلىك (چىراغچىلىق)، روغەنگەرلىك (جۇۋازچىلىق)، ساچ تاراشلىق (ساتىراشلىق)، سابۇنگەرچىلىك (سوپۇنچىلىق)، قاچاچىلىق (ھېجىرچىلىق)، قازانچىلىق، موزدوزلۇق، تامچىلىق قاتارلىق قول ھۈنەر ئىشلەپچىقىرىشى خېلى يۇقىرى سەۋىيەگە يەتكەن.

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، توقۇمىچىلىق جەھەتتە يىپەك ۋە مەشۈتتىن ھەرخىل رەڭلىك رەختلەرنى، يۇڭدىن خىلمۇ خىل ئېسىل گىلەم-زىلچىلارنى توقۇيدىغان، ياغاچچىلىق جەھەتتە پەقەت ئۆي جاھازلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنىلا ئىشلەپ قالماستىن، بەلكى ياغاچ پارچىلىرىدىن ئايەت ۋە قوشاقلارنى پەنجىرە شەكلىدە ئىشلەيدىغان يۇقىرى سەۋىيەلىك كەسىپلەر بارلىققا كەلگەن. ئابدۇرەشىتخاننىڭ پىرى خوجامۇھەممەت شېرىپ پىر گۈمبىزىنىڭ دەرۋازىسىغا پەنجىرە شەكلىدە ياغاچ پارچىلىرىنى بىر-بىرىگە چېتىپ ئىشلەنگەن ئايەت نۇسخىسى تا بۈگۈنكى كۈنگىچە ساقلانماقتا. يەنە كاھىشچىلىقمۇ ناھايىتى راۋاجلانغان بولۇپ، ھەر خىل سىرلىق كاھىشلار ئىشلىنىپلا قالماي، بەلكى كاھىشنىڭ ئۈستىگە قۇرئان ئايەتلىرى، شېئىر-قوشاقلار، نەسەبنامىلەر ئويۇپ ياسالغان. بۇ خىل يۇقىرى سەۋىيەلىك سەنئەت نۇسخىلىرى يەكەن خانلىقى دەۋرىدە ياسالغان گۈمبەز، قەبرىستانلىق، مازارى-ماشايىخلاردا تا بۈگۈنكى كۈنگىچە ساقلانماقتا.

قىسقىسى، يەكەن خانلىقىنىڭ قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى، خانلىقنىڭ ئۆز ئېھتىياجىنى قامداشنى ئاساسىي مەقسەت قىلىپلا قالماي، يەنە باشقا خانلىقلار بىلەن بولغان تاشقى سودىنى راۋاجلاندۇرۇشنىمۇ تۈپ مەقسەت قىلغان، بۇ ۋاقىتلاردا قەشقەر، يەكەن، ئاقسۇ، ئۈچتۇرپان ۋە قومۇل قاتارلىق شەھەرلەر يەكەن خانلىقىنىڭ ئاساسلىق سودا مەركىزىگە ئايلىنىپ، خانلىقنىڭ ئاساسىنى مۇستەھكەملەش ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتا زور تۈرتكىلىك رول ئوينىغان.

**پايدىلانمىلار:**

[1] «مۇقام يۇرتى — يەكەن» شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 2001-يىلى 1-نەشرى، 16-، 19-، 22-، 38-بەتلەر.
[2] «يەكەن تارىخ ماتېرىياللىرى» 1998-يىللىق 1-سان، 5-، 12-، 27-بەتلەر.
[3] ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى» مىللەتلەر نەشرىياتى 1991-يىلى نەشرى 703-بەت.
[4] ھاجى نۇرھاجى: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار ۋە قاراخانىيلار» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002-يىلى نەشرى، 394-، 395-بەتلەر.
[5] مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان: «تارىخى رەشىدىي» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2007-يىلى نەشرى، 1-، 2-قىسىم.

تەھرىرلىگۈچى: ئەخمەت روزى توغرايول

# قاراقاش دەرياسى كۆۋرۈكىنىڭ سېلىنىشىدىن ئەسلىمە

مۇھەممەتئىمىن نۇرى (قاراقاش ناھىيە تىۋىت يېزا تىۋىت كەنتىدىن)
تۇرسۇن ئابدۇللا بەگيار (قارقاش ناھىيەلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدىن)

قاراقاش دەرياسى كۆۋرۈكى قاراقاش ناھىيەسى بىلەن خوتەن ناھىيەسىنى بىر-بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان، يىللاردىن بۇيان خوتەن ۋىلايىتىنىڭ، جۈملىدىن قاراقاش ناھىيەسىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رول ئويناپ كەلگەن چوڭ قۇرۇلۇشلارنىڭ بىرى. لېكىن قاراقاش دەرياسى كۆۋرۈكىنىڭ تۇنجى قېتىم قاچان، قانداق سېلىنغانلىقى، نەچچە قېتىم يېڭىلانغانلىقىنى بىلىدىغانلار كۆپ ئەمەس.

قاراقاش دەرياسىغا كۆۋرۈك سېلىنىشتىن ئىلگىرى كىشىلەر دەريادىن سال، تولۇم، ئات-ئۇلاغ، ياربىيار ھارۋىلار بىلەن ياكى بولمىسا سۇ كېچىپ ئۆتەتتى. 1940-يىلى بۇ دەرياغا تۇنجى قېتىم كۆۋرۈك سېلىشقا تۇتۇش قىلىنىپ 1942-يىلى پۈتكۈزۈلگەن. بۇ ئۇزۇنلۇقى 75 مېتىر، كەڭلىكى 10 مېتىر كېلىدىغان ياغاچ قۇرۇلمىلىق كۆۋرۈك ئىدى. كۆۋرۈك 1945-يىلى قايتىدىن سېلىنغان.

ئۇ يىللاردا قاراقاش خەلقىمۇ باشقا يۇرتلاردىكى خەلقلەرگە ئوخشاش خىلمۇخىل ئالۋان-سېلىقلار دەستىدىن ئېغىر كۈنلەردە قالغانىدى. كۆۋرۈك سېلىش ئۈچۈن ئەينى ۋاقىتتىكى ھۆكۈمەت مالىيەدىن ھېچقانداق مەبلەغ ئاجراتماستىن، ناھىيە تەۋەسىدىكى خەلققە ھاشار ئالۋىنى، ياغاچ ئالۋىنى ۋە مەبلەغ ئالۋىنى قاتارلىق ئالۋانلارنى سالغانىدى. بۇ ئالۋان-سېلىقلار ئىچىدە ياغاچ ئالۋىنى بەكمۇ ئېغىر بولۇپ، ھەر قايسى يۇرتلارغا ۋەزىپە قىلىنغان ياغاچلارنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئون نەچچە مېتىر، دىيامېتىرى 65 ــ 70 سانتىمېتىر بولۇشى، بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا قۇرۇلۇش ئورنىغا يەتكۈزۈلۈشى شەرت ئىدى. ياغاچلارنى توشۇش ئۈچۈن ئۆي-ئۆيلەرگە ھاشار ئالۋىنى سېلىناتتى. بۇنداق چوڭ ياغاچلارنى قۇرۇلۇش ئورنىغا كۆتۈرۈپ ئاپىرىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا كىشىلەر ياغاچنى غالتەك ھارۋا ياساپ، ياغاچلارنى شۇ غالتەك ھارۋىلارغا بېسىپ ئات-ئېشەكلەرگە سۆرىتىپ ياكى ئۆزلىرى سۆرەپ قۇرۇلۇش ئورنىغا ئاپىراتتى. بۇنداق غالتەك ھارۋىلارنىڭ چاقلىرى تومپاي، ئوقلىرى ئەگرى-دوناي بولغاچقا ئارىلاپ كاشىلا چىقىپلا تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ كىشىلەر جاپاغا چىداپ، بىر ئاماللارنى قىلىپ ۋەزىپىنى ئادا قىلاتتى. غالتەك ھارۋىنى سۆرەشتە بەش-ئون ئادەم غالتەك ھارۋىنىڭ ئىككى يېنىغا چىگىلگەن ئۇزۇن ئارغامچا ئارىسىغا، غالتەك ھارۋىنىڭ شوتىسى ئىچىگە سىغدىلىپ كىرىپ «ھە-ھۇ! ......» دەپ كۈچنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ بار كۈچى بىلەن مۈرىدەپ سۆرەيتتى، ئارقا تەرەپتىن ئۈچ-تۆت ئادەم ئىتتىرەتتى، ئىككى ياندا يەنە ئىككى ئادەم كالتەك بىلەن پىشاڭ سېلىپ غالتەك ھارۋىنىڭ چاقىنى قوزغىتىپ ماڭاتتى. بىر دورغا غالتەك ھارۋىنىڭ ئۈستىدىكى ياغاچقا مىنىپ ئولتۇرۇپ: «ھە بولمامسەن، سەن بوش تارتتىڭ، سەن ئىتتىرمىدىڭ، ھۇ......» دەپ چالۋاقىغىنىچە قولىدىكى ئۇزۇن تاياق بىلەن ئالدى-كەينىدىكىلەرنى رەھىمسىزلەرچە ئۇراتتى. بەزىدە غالتەك ھارۋا كاتاڭغا پېتىپ قالسا تازا كۈچەپ تارتىشقا توغرا كەلگەندە ئارغامچا بىردىنلا ئۈزۈلۈپ كېتەتتى-دە، ئادەملەر بىر-بىرىنىڭ ئۈستىگە يىقىلاتتى. ئۇلار تىل-ئاھانەت، تاياق دەستىدىن تەرىنى سۈرتۈشكىمۇ ئۈلگۈرمەي ئورنىدىن تۇرۇپ ئۈزۈلگەن ئارغامچىنى ئۇلاپ، يەنە سۆرەشكە باشلايتتى. دەرۋەقە مۇساپە يىراق، سۈرئەت ئاستا ئىدى. چەت-يىراق يېزا-كەنتلەردىن ئېلىپ كېلىنىدىغان ياغاچلار بىر ھەپتىدە، يېقىن جايلاردىكىلىرى ئىككى-ئۈچ كۈندە قۇرۇلۇش ئورنىغا ئاران دېگەندە يەتكۈزۈلەتتى.

ياغاچ توشۇغۇچىلار غالتەك ھارۋىلارنى سۆرىشىپ ياغاچ توشۇغاچ «تاجىخان» (تارجاھان) دېگەن ناخشىنى ئېيتاتتى. بۇ ناخشا ئەينى زاماندىكى ئادالەتسىز ئىجتىمائىي تۈزۈمدە خورلانغان ئەمگەكچى خەلقنىڭ يۈرەك قېتىدىن ياڭرىغان پىغانلىق مۇڭ بولۇپ، ئەبجەق ھارۋا چاقلىرىنىڭ غىچىرلىغان ئاۋازى بىلەن قوشۇلۇپ تېخىمۇ نالىلىك ئاڭلىناتتى. گەرچە بۇ ناخشىنىڭ ئاھاڭى بىر خىل بولسىمۇ ئەمما ئۇنىڭغا ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ ھەر خىل دەرت-ھەسرەتلىرىنى قوشۇپ ئېيتاتتى. ئېسىمدە قېلىشىچە، باللىق چاغلىرىمدا بۇ ناخشا مۇنداق باشلىناتتى:

ئۇ ياندىما غالتەك،
بۇ ياندىما غالتەك.
چاقمۇ پاتتى، ئوقمۇ سۇندى،
ۋاي تاجىخان،
بىز بىلەنلا قېرىشقاندەك.
ئاھ، رەھىمىڭ كەلمەمدۇ، جېنىما؟
… …

قۇرۇلۇش مەيدانىدىكى ئەمگەك ياغاچ توشۇشتىنمۇ ئېغىر ئىدى. يۇرت ئىچىدىكى خارەت (ياغاچچى)لەرنىڭ ھەممىسى قۇرۇلۇش ئورنىدا ھاشارغا ئىشلەيتتى. خارەتلەر، ھاشارچىلار تومۇز ئىسسىق، زىمىستان سوغۇقتا داق يەردە يېتىپ ـ قوپۇپ، سوغۇق سۇغا نان چىلاپ يەپ، پاتقاق كېچىپ كېچە ـ كۈندۈز ئارام ئالماي ئىشلەيتتى. ھېلىمۇ كۆز ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ، ئۇ چاغدا كۆۋرۈك ياساشتا كۆۋرۈكنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى مىندۇرۇلىدىغان تۈۋرۈكلەر يەرنى كولاپ ئورنىتىلماستىن بەلكى يەرگە قېقىپ پاتقۇزۇلاتتى. تۈۋرۈكنى يەرگە قېقىپ پاتۇرۇشتا تۈۋرۈك ئورنىتىلىدىغان يېقىن يەرگە 12 مېتىر ئېگىزلىكتىكى بىر يانتۇ تۆمۈر جازا ياسىلىپ، تۆمۈر جازىنىڭ يەر يۈزىدىكى ئۈچ بۇلۇڭلۇق قىيپاچ بۇرجىكىگە ئۇزۇنلۇقى بىر يېرىم مېتىر، ئايلانمىسى 35 سانتىمېتىر تومۇقتىكى بىر تۆمۈر غالتەك ئورنىتىلاتتى. تۆمۈر غالتەكنىڭ ئىككى بېشىغا يەنە چۆرۈپ ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ئىككى تۇتقۇچ ئورنىتىلاتتى. تۆمۈر غالتەككە زەنجىر يۆگەلگەن بولۇپ، زەنجىرنىڭ بىر ئۇچى 12 مېتىر ئېگىزلىكتىكى تۆمۈر جازىنىڭ چوققىسىدىن ئارتىلدۇرۇپ پەسكە تىك چۈشۈرۈلەتتى. ئۇنىڭ ئۇچىغا چېلەكچىلىك تومۇقتىكى چويۇن توقماق باغلانغانىدى. تۆمۈر غالتەك چۆرۈلگەندە زەنجىرنى يۆگەپ چويۇن توقماقنى تۆمۈر جازىنىڭ چوققىسىغا قەدەر مۇئەللەققە كۆتۈرەتتى، تۆمۈر غالتەك كەينىگە ياندۇرۇلۇپ بىردىنلا قويۇپ بېرىلسە چويۇن توقماق يەرگە پاتۇرۇلماقچى بولغان تۈۋرۈكنىڭ دەل چوققىسىغا زەرب بىلەن چۈشەتتى. شۇ تەرىقىدە چويۇن توقماق ھەر بىر قېتىم گۈمبۈرلەپ تۈۋرۈك بېشىغا چۈشكەندە تۈۋرۈك يەرگە ئاران دېگەندە ئون نەچچە سانتىمېتىر پاتاتتى. تۈۋرۈكنىڭ بېشى چويۇن توقماقنىڭ زەربىسىدە يېرىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن تۆمۈر چەمبەر بىلەن قاپلىۋېتىلگەنىدى. قاراقاش دەرياسى كۆۋرۈكىنىڭ ياغاچ تۈۋرۈكلىرى شۇنداق ئۇسۇل بىلەن يەرگە قېقىلغانىدى. ناھايىتى شۇنداق تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق قاراقاش دەرياسىنىڭ تۇنجى ياغاچ كۆۋرۈكى ئاخىرى پۈتۈپ چىققانىدى.

قاراقاش دەرياسىغا كۆۋرۈك سېلىنىپ، قاراقاش خەلقىنىڭ قاتناش ئىشلىرى بۇرۇنقىدىن كۆپ ئاسانلاشتى، لېكىن كۆۋرۈك ياغاچ بىلەن ئاددىي سېلىنغاچقا يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كونىراپ، تۈۋرۈكلىرى چىرىپ خەتەرلىك بولۇپ قالغانىدى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە يول، كۆۋرۈكلەر يېڭىلىنىپ ياسىلىشقا باشلىدى. 1968 ـ يىلىنىڭ بېشىدا دۆلەت مالىيەسىدىن يېتەرلىك مەبلەغ ئاجرىتىلىپ، قاراقاش دەرياسى كۆۋرۈكى بېتون قۇرۇلمىلىق قىلىپ سېلىندى. يېڭى كۆۋرۈكنىڭ ئۇزۇنلۇقى 121.4 مېتىر، كەڭلىكى 10 مېتىر، ئېگىزلىكى 4.6 مېتىر بولۇپ، 1970 ـ يىلى پۈتكۈزۈلۈپ قاتناش باشلاندى. بۇ قاراقاش ناھىيەسى تەۋەسىدىكى ئەڭ چوڭ كۆۋرۈك بولۇپ قالدى.

2004 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى يەنە بىر قېتىملىق كۆۋرۈك قۇرۇلۇشى باشلاندى. يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ كۆڭۈل بۆلۈپ يېتەرلىك مەبلەغ ئاجرىتىشى بىلەن 315 ـ دۆلەت تاشيولىنىڭ قاراقاش ناھىيەسىدىن كېسىپ ئۆتىدىغان بۆلىكىنى كېڭەيتىپ ياساش قۇرۇلۇشىغا بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئەسلىدىكى كۆۋرۈككە يانداش يېڭى كۆۋرۈك سېلىندى. قۇرۇلۇش بەلگىلەنگەن مۇددەتتە پۈتكۈزۈلۈپ، داغدۇغىلىق قاتناش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. كۆۋرۈكنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 126.6 مېتىر، كەڭلىكى 15 مېتىر بولۇپ، كۆۋرۈك يۈزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قوش لىنىيەلىك، يۇقىرى سۈرئەتلىك يول، ئىككى يېنىغا پىيادىلەر يولى ياسىلىپ، يورۇتۇش چىراقلىرى ئورنىتىلغان، بۇ كىشىگە بەكمۇ ھەيۋەتلىك تەسىر بېرىدۇ. قاراقاش دەرياسى كۆۋرۈكىگە ئىجىل ـ ئىناق، شاد ـ خۇرام ياشاۋاتقان ھەر مىللەت قاراقاش خەلقىنىڭ ئىپتىخارلىق رىشتىسى مۇجەسسەملەنگەن، بۇ رىشتە قاراقاش خەلقىنى تېخىمۇ گۈزەل كېلەچەككە ئۇلاشتۇرغۇسى.

**پايدىلانما:**
«قاراقاش ناھىيەسى تەزكىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2008 ـ يىلى 6 ـ ئاي خەنزۇچە 1 ـ نەشرى.

تەھرىرلىگۈچى: خالىدە قادىر

## «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى . ھۆكۈمەت ئىشلىرى تەزكىرىسى . ھۆكۈمەت»

# ئۈچىنچى قىسىم ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

**5) جۇڭگو كوممۇنىستلىرى بىلەن ئىلغار دېموكراتىك زاتلارغا زىيانكەشلىك قىلىش**

شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ، ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى مۇستەھكەملىدى؛ ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى بىلەن بىرلىك سەپ مۇناسىۋىتى ئورناتتى. ئىچكى-تاشقى ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، شېڭ شىسەي ئاخىرى ئالتە بۈيۈك سىياسەتتىن ۋاز كېچىپ، سوۋېتكە، كومپارتىيەگە قارشى تۇرۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ۋە ئىلغار دېموكراتىك زاتلارغا زىيانكەشلىك قىلدى.

(1) ئاتالمىش «خەلقئارالىق چوڭ سۇيىقەستلىك توپىلاڭ دېلوسى»نى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، ۋەتەنپەرۋەر دېموكراتىك زاتلار بىلەن ئىلغار ياشلارغا زىيانكەشلىك قىلىش

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتىن بۇيان، جۇڭگو كوممۇنىستلىرى شىنجاڭدا جان-دىلى بىلەن خىزمەت قىلغاچقا، ئىناۋىتى كۈندىن-كۈنگە ئېشىپ تەسىرى كېڭەيدى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى دېموكراتىك زاتلار ۋە ئىلغار ياشلار تەدرىجىي ھالدا جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشۇپ، كوممۇنىستلارنى مەركەز قىلغان ۋەتەننى سۆيۈش، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش كۈچى بولۇپ شەكىللەندى. شېڭ شىسەي بىر تەرەپتىن، بۇ كۈچلەردىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى مۇستەھكەملىسە، يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ كۈچلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئاساسىنى تەۋرىتىپ قويۇشىدىن بەكمۇ ئەندىشە قىلدى. مىنگونىڭ 28 يىلى (1939-يىلى) 9-ئاينىڭ 1-كۈنى گېرمانىيە پولشاغا ھۇجۇم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن 2-دۇنيا ئۇرۇشى ئومۇميۈزلۈك پارتلىدى. ئەنگلىيە، فىرانسىيە، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەر يەنە مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا بىر مەيدان سوۋېتكە، كومپارتىيەگە قارشى ھەرىكەتنى قوزغىدى. جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشى تىركىشىش باسقۇچىغا قەدەم قويدى. نەنجىڭ ھۆكۈمىتى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتىن بۇيان تۇنجى قېتىم كومپارتىيەگە قارشى تۇرۇش دولقۇنى قوزغىدى. ۋەزىيەت ئۇشتۇمتۇت ئۆزگەرگەن مۇشۇنداق پەيتتە، شېڭ شىسەيمۇ ئالتە بۈيۈك سىياسەتتىن بارا-بارا ۋاز كېچىپ، كومپارتىيەگە قارشى تۇرۇش يولىغا ماڭدى. ئاتالمىش «خەلقئارالىق چوڭ سۇيىقەستلىك توپىلاڭ دېلوسى»نى ئويدۇرۇپ چىقىپ، ۋەتەنپەرۋەر دېموكراتىك زاتلار ۋە ئىلغار ياشلارغا زەربە بېرىپ، جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى تەسىرىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، كوممۇنىستلارنى يېتىم قالدۇرۇشقا ئۇرۇندى.

ئاتالمىش «خەلقئارالىق چوڭ سۇيىقەستلىك توپىلاڭ دېلوسى» دەل ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى شېڭ شىسەي ئاتاپ كېلىۋاتقان «دۇ چۇڭيۈەننىڭ باشچىلىقىدا قارا نىيەت پارتىيە، سۇيىقەستلىك پىلانلىغان ۋە تەشكىللىگەن خەلقئارا خاراكتېرىنى ئالغان <18-سېنتەبىر> قوزغىلىڭى دېلوسى» ئىدى. بۇ دېلودا دۇ چۇڭيۈەن دېلوسى ئاساس قىلىنغاندىن باشقا يەنە، ئۇنىڭغا چېتىلىشلىق دەپ بوھتان چاپلانغان قۇربان نىياز دېلوسى، شارىپقان دېلوسى، چېن پېيشىڭ، ۋۇ زوجۇن دېلوسى شۇنىڭدەك سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دىپلوماتىيە ئەمەلدارلىرى ۋە جۇڭگوغا ياردەم بېرىشكە كەلگەن سوۋېتلىك زاتلارمۇ بار ئىدى.

بىرىنچىدىن، دۇ چۇڭيۈەنگە بېسىم ئىشلىتىپ ئۇنى ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىشكە مەجبۇرلىدى. مىنگونىڭ 28-يىلى (1939-يىلى) 8-ئاينىڭ ئاخىرىدا، دۇ چۇڭيۈەن شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ يازلىق تەتىلدە ئىلىنى ساياھەت قىلىش

ئۆمكىدىكىلەرنى باشلاپ مەكتەپكە قايتىپ كەلگەندە، ئۈرۈمچىدە دۇ چۇڭيۈەن باش ۋالىي بولىدىكەن، شېڭ شىسەينىڭ ئورنىغا ئولتۇرىدىكەن دېگەنگە ئوخشاش ئىغۋالار تارقىلىپتۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالدا دۇ چۇڭيۈەن شېڭ شىسەي بىلەن كۆرۈشمەكچى بولدى، شېڭ شىسەي كۆرۈشۈشنى رەت قىلدى، خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئامالسىز قالغان دۇ چۇڭيۈەن 10 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىش ئىلتىماسىنى تاپشۇردى. 10 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى تەستىقلىدى ھەمدە ئۇنى ئۆز ئۆيىدە نەزەربەنت قىلدى.

مىنگونىڭ 29 - يىلى (1940 - يىلى) ئەتىيازدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت شېڭ شىسەينىڭ نامىدا يەنە ئېلان چىقىرىپ، ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى بىلەن پۇقرالارنى ئۆزئارا نازارەت قىلىشقا ۋە جاسۇس، خائىن، تىروتسكىچى باندىتلارنى پاش قىلىشقا چاقىردى. 2 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مىنگونىڭ 27 - يىلى (1938 - يىلى) دىكى قەشقەر زىيانكەشلىك دېلوسى قاتارلىقلارنى تەكشۈرۈشنى باھانە قىلىپ خىزمەتتىكى بىر قىسىم خادىملارنى قولغا ئالدى.

مىنگونىڭ 29 - يىلى (1940 - يىلى) 2 - ئايدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت جۇڭگو كوممۇنىستلىرىدىن گو چۈنزېنىڭ شىنجاڭ ئىنستىتۇتى ئىلمىي باشقارما باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلىدى. شېڭ شىسەي سەپەر ئۈستىدە ئۈرۈمچىدىن ئۆتكەن جو ئېنلەينىڭ تەكلىپىنى رەت قىلىپ، دۇ چۇڭيۈەننىڭ جو ئېنلەي بىلەن بىر ئايروپىلاندا ئىچكىرىگە قايتىشىغا يول قويمىدى. ۋەزىيەت يامانلاشقانلىقتىن سا كوڭلياۋ، شېن يەنبىڭ، جاڭ جۇڭشىلار باسما ماشىنىسى سېتىۋېلىش، ئانىسى ياكى چوڭ ئانىسىنىڭ كېسەل سەۋەبىدىن قازا قىلغانلىقىنى باھانە قىلىپ، رۇخسەت سوراپ ئىچكىرىگە قايتىشقا مەجبۇر بولدى.

ئىككىنچىدىن، كەڭ دائىرىدە قولغا ئېلىشنى باشلىدى، بۆھتان چاپلاش دائىرىسىنى كېڭەيتتى. مىنگونىڭ 29 - يىلى (1940 - يىلى) 4 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۈرۈمچى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنى «ئوقۇغۇچىلارنى قۇتراتقان» دېگەن جىنايەت بىلەن ئاۋۋال دۇ چۇڭيۈەننىڭ ئاغىنىسى ليۇ گۈيبىن، شىڭ گوۋېننى قولغا ئېلىشقا بۇيرۇدى. دۇ چۇڭيۈەننى ۋاڭ جىڭۋېي ئەۋەتكەن ھەمدە 20 مىڭ يۈەن پائالىيەت خىراجىتى ئالغان دېگەن پەتىۋانى توقۇپ چىقتى. مىنگونىڭ 30 - يىلى (1941 - يىلى) 5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت خائىن، تىروتسكىچى دېگەن جىنايەت بىلەن دۇ چۇڭيۈەننى رەسمىي قولغا ئالدى. دۇ چۇڭيۈەن دېلوسىغا چېتىلىشلىق ئىكەن دەپ ئىلگىرى - كېيىن يەنە نەچچە 10 ئارمىيە - ھۆكۈمەت خادىمىنى قولغا ئالدى.

دۇ چۇڭيۈەن قاتارلىقلار قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى ۋە دۇڭ بىۋۇ، سۇڭ چىڭلىڭ، شېن جۈنرۇ، خۇاڭ يەنپېي، گاۋ چۇڭمىن قاتارلىق ئوقۇمۇشلۇق زاتلار ئارقا - ئارقىدىن تېلېگراما يوللاپ، دۇ چۇڭيۈەننى قۇتقۇزۇۋالماقچى بولدى، لېكىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمىدى. دۇ جۇڭيۈەن مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) 6 - ئايدا تۈرمىدە زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى.

(2) ئالتايدىكى قوزغىلاڭنى باستۇرۇش

مىنگونىڭ 28 - يىلى (1939 - يىلى) 9 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت شىنجاڭ بويىچە موڭغۇل، قازاق، قىرغىز ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىلغان مەزگىلدە، شارپىقان مۇدىرلىقىدىكى «قورال - ياراغلارنى ئېنىقلاش ھەيئىتى» قۇردى ھەمدە يىغىنغا قاتناشقان ھەر مىللەت ۋەكىللىرىنى ئۈرۈمچىدە تۇتۇپ قېلىپ، چارۋىچىلارنى ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشىغا ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان قورال - ياراغلىرىنى تاپشۇرۇشقا قىستىدى. 12 - ئايدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئالتاينى كۆزدىن كەچۈرۈش ھەيئىتى قۇرۇپ، باش ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ سەنمۇجاڭى جو جېڭمىيەننى مۇدىرلىققا تەيىنلىدى. مىنگونىڭ 29 - يىلى (1940 - يىلى) 1 - ئايدا كۆزدىن كەچۈرۈش ھەيئىتى ئالتاي رايونلۇق ۋەكىللەر يىغىنى ئېچىپ، ئالتاي رايونلۇق قورال - ياراغ ئېنىقلاش ھەيئىتى قۇرۇپ، ناھىيەدىكى قەبىلە ئاقساقاللىرىنى قورال - ياراغلارنى چوقۇم تاپشۇرىمىز دەپ ھۆججەت يازمىساڭلار ئۆيۈڭلەرگە قايتقۇزمايمىز دەپ قىستىدى. ئارقىدىنلا كۆزدىن كەچۈرۈش ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى ۋە ھۆكۈمەت ئارمىيەسى ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ، جايلارغا بېرىپ قورال - ياراغلارنى يىغىشقا باشلىدى. 2 - ئاينىڭ 2 - كۈنى كەچتە كۆكتوقايدىكى قاسىمقان باشچىلىقىدىكى چارۋىچىلار ئۇقانساڭنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالغان كۆكتوقاي مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى شۇ ئېرلىن، كۆزدىن كەچۈرۈش ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى ۋاڭ مېڭگې، قورال - ياراغ ئېنىقلاش ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى ليۇ چېڭلىن قاتارلىقلارنى ئۆلتۈرۈۋەتتى؛ قاراقاس قەبىلىسىنىڭ ئاقساقالى ئاقىت كەبىمۇ قورال يىغىشقا كەلگەن ئالتە ساقچىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. قاسىمقان، ئاقىت كەبىلەر چىڭگىل قاراۋۇلخانىسىدىكى قاباي قەبىلىسىدىن 200 دىن ئارتۇق ئادەمنى توپلاپ كۆكتوقاي ناھىيە بازىرى ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىگە ھۇجۇم قىلدى، ھۇجۇم ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندىن كېيىن

ئۇلار يەنە كەڭ دائىرىدە ئالاقە قىلىپ ئادەم توپلىدى. 2-ئاينىڭ 21-كۈنى قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ ئادىمى 2000 دىن ئاشتى ھەمدە قوماندانلىق ئىشتابى قۇردى.

3-ئاينىڭ ئاخىرىدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھۆكۈمەت ئارمىيەسىنى قوزغىلاڭنى باستۇرۇشقا ئەۋەتتى، ئىككى تەرەپ تاكى 9-ئايغىچە جەڭ قىلدى. قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى يەنىلا كۆكتوقاي، چىڭگىلنىڭ شىمالىي تاغ رايونلىرى، كۆۋە دەرياسى ئەتراپلىرىدا ھەرىكەت قىلىپ يۈردى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت نائىلاج تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشنى ئوتتۇرىغا قويدى. چارۋىچىلار ھازىر بار قوراللارنى يىغىۋالماسلىق، دىنىنى قوغداش، جايلاردىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش قاتارلىق سەككىز تۈرلۈك تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بۇ تەلەپلەرنىڭ ھەممىسىگە قوشۇلدى. كېلىشىمگە ئاساسەن قوزغىلاڭچى چارۋىچىلار 1000 دىن كۆپرەك قورالنى تاپشۇردى، ئالتايدا يۈز بەرگەن تۇنجى قېتىملىق قوزغىلاڭ ئاخىر ئاياغلاشتى.

بىراق ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت كېلىشىمگە ئەمەل قىلمىدى. 1941-يىلى 5-ئايدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەكلىپ قىلغان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كانچىلىق تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئالتايغا كېلىپ ئورۇنلاشتى ھەمدە 3000دىن كۆپرەك چارۋىچىنى يىغىپ ۋە يۆتكەپ كېلىپ ياردەمچى ئىشچى قىلىپ ئىشلەتتى. بۇ ئىش چارۋىچىلارنىڭ يەنىمۇ نارازىلىقىنى قوزغىدى. 6-ئاينىڭ 6-كۈنى ئالتايدا 2-قېتىملىق قوزغىلاڭنىڭ مۇقەددىمىسى باشلاندى.

قوزغىلاڭ ناھايىتى تېز چىڭگىل، كۆكتوقاي، بۇرۇلتوقايلارغىچە كېڭەيدى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئاۋۋال ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى، شېڭ شىسەينىڭ قېيىنئاتىسى چيۇ زوڭجۈننى كۆكتوقايغا بېرىپ، ئالتاينىڭ مۇئاۋىن مەمۇرىي باشلىقى جانىمقاننىڭ ھەمراھلىقىدا قوزغىلاڭچى چارۋىچىلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە ئەۋەتتى. چارۋىچىلار ئالتايدا كانچىلىق ئەترىتى، ساقچى، قوشۇن تۇرغۇزۇشقا بولمايدۇ، كۆكتوقايدىن ئالتايغا تۇتىشىدىغان تاشيولنى ياساشقا بولمايدۇ، دېگەندەك تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بۇلارنىڭمۇ ھەممىسىگە قوشۇلدى ھەمدە ۋاڭ باۋچيەن، شۇ مىڭچيۈنى ئالتايغا بېرىپ ئىمزا قويۇش ئىشىنى كېڭەشىشكە ئەۋەتتى.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئالتاي ھەربىي رايونى قوماندانلىق ئىشتابى قۇردى. جياڭ يۈفېن باش قوماندان، ليۇ جېڭشىن ۋە ئىلى مەمۇرىي رايونىنىڭ باشلىقى ياۋ شيۈگلار قوماندان بولدى. جياڭ يۈفېننىڭ قارىمىقىدىكى 20-تۈەن، 16-تۈەن، مۇھاپىزەتچىلەر تۈەنى، پارتىزانلار ئەترىتى ۋە توپچى قىسىم، تانكا، موتورلاشقان قىسىمنى يۆتكەپ كېلىپ تەرەپ-تەرەپتىن ھۇجۇم قىلدى. 7-، 8-ئايلاردا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەممىلا يەردە پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت يەنە بىر قېتىم تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولدى. 8-ئايدا قوزغىلاڭچىلار باشلىقىنىڭ بىرى بولغان سۇلايمان ئۆلدى؛ 10-ئايدا ئالتايدا قېلىن قار ياغدى. قوزغىلاڭچى چارۋىچىلار ئىنتايىن مۈشكۈل ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىپ، ھۆكۈمەت ئارمىيەسىگە تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولدى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بۇقات بېزى، قالىم تەيجى قاتارلىق ئاقساقال ۋە ئەمەلدارلارنى قولغا ئېلىپ ئۈرۈمچىگە ئەكىلىپ تۈرمىگە تاشلىدى.

(3) چېن پېيشىڭ دېلوسىنى ئويدۇرۇپ چىقىپ، پۈتۈن ئىتتىپاق كوممۇنىستىك (بولشېۋىك) پارتىيەسى ئەزالىرىغا زەربە بېرىش

مىنگونىڭ 30-يىلى (1941-يىلى) 6-ئايدا سوۋېت-گېرمانىيە ئۇرۇشى پارتلىدى. گېرمانىيەنىڭ تەلۋىلىك بىلەن ئۈچ ئاي ئىچىدە سوۋېت-گېرمانىيە ئۇرۇشىنى ئاخىرلاشتۇرىمىز دېگەن غالجىرانە مۇددىئاسى بەربات بولدى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ گېرمانىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا زەربە بېرىش ئىشى ھەقىقەتەن ئىنتايىن مۈشكۈل بولدى. جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىمۇ قاتمۇ قات قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلدى. جياڭ جيېشى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان نەنجىڭ ھۆكۈمىتى تەسلىم بولۇشنىڭ توسالغۇسىنى تۈگىتىش ئۈچۈن، مىنگونىڭ 30-يىلى (1941-يىلى) 1-ئايدا 2-قېتىم كومپارتىيەگە قارشى تۇرۇش دولقۇنىنى قوزغاپ، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنى زىلزىلىگە سالغان «جەنۇبىي ئەنخۈي ۋەقەسى»نى پەيدا قىلدى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت كۆرۈنۈشتە نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قىلغان-ئەتكەنلىرىنى ئەيىبلىگەندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە نەنجىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈشنى تېزلىتىپ، سوۋېتكە، كومپارتىيەگە قارشى تۇردى.

مىنگونىڭ 30-يىلى (1941-يىلى) نىڭ كېيىنكى يېرىمىدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئالدى بىلەن چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى چېن پېيشىڭنىڭ ئوقۇغۇچىسى مېڭ شيەنزېڭنى قولغا ئالدى، تاياق ئازابىغا چىدىمىغان مېڭ شيەنزېڭنى ئالدىن ئويدۇرۇپ چىققان ئېغىز ئىقرارى بويىچە چېن پېيشىڭغا مېنى جاسۇسلۇققا قوبۇل قىلغان، ھازىرقى

شىنجاڭ ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىماقچى بولۇپلا قالماي، بەلكى سوۋېتقا قارشى ھەرىكەت ئېلىپ بارغان، دەپ بۆھتان قىلغۇزدى.

ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت چېگرا مۇداپىئە باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋۇ زوجۇن، ئىلىنىڭ مەمۇرىي باشلىقى ياۋ شيۇڭ، قومۇلنىڭ مەمۇرىي باشلىقى نيۇ جېنخەن، تارباغاتاينىڭ مەمۇرىي باشلىقى جاۋ جيەنفېڭ، خوتەننىڭ مەمۇرىي باشلىقى لۇ يۈلىن، شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ باشلىقى جياڭ زوجۇ، مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى جاڭ خۇڭيەن قاتارلىقلارنى قولغا ئالدى. بۇنىڭغا چېتىشلىق بولغانلار ئومۇمەن ئىلگىرى ھەرخىل تەلىم-تەربىيە كۇرسىنى، شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار بولدى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئىدىيە ۋە ھەرىكەت جەھەتتە مەسىلە بار دەپ قارىغانلارنىڭ ھەممىسىنى قولغا ئېلىنىدىغانلار قاتارىغا كىرگۈزگەنىدى.

شېڭ شىسەي رەئىسلىكىدىكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئادەم ئەۋەتىپ قايتا تەكشۈرۈپ كۆرۈشنى تەلەپ قىلدى ھەمدە چېن پېيشېڭ، ۋاڭ باۋچيەن قاتارلىقلارنى قولغا ئېلىشنى تەلەپ قىلدى. بىراق سوۋېت تەرەپ بۇ جەھەتتە ساۋاققا ئىگە بولغاچقا، ئۇنىڭغا پىسەنتمۇ قىلماي ۋاڭ باۋچيەن قاتارلىقلارنى قايتۇرۇپ كېلىشكە چاقىرىق قىلدى.

(4) ئاتالمىش «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇشقا سۇيىقەست قىلىش دېلوسى»نى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، جۇڭگو كوممۇنىستلىرىغا زىيانكەشلىك قىلىش

مىنگونىڭ 30-يىلى (1941-يىلى) 6-ئايدا سوۋېت-گېرمانىيە ئۇرۇشى پارتلىدى. گېرمانىيە ئارمىيەسى لېنىنگراد ۋە موسكۋاغا قىستاپ كەلدى. دۇنيا بويىچە فاشىزمغا قارشى ئۇرۇش ئەڭ مۈشكۈل دەۋرگە قەدەم قويدى. مەملىكەت ئىچىدە ياپون قاراقچىلىرى ئازاد ئۇرۇش رايونىنى ھەدەپ تازىلىغىلى تۇردى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئەڭ مۈشكۈل دەۋرگە دۇچ كەلدى. مىنگونىڭ 30-يىلى (1941-يىلى) 1-ئايدا جياڭ جيېشى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتى «جەنۇبىي ئەنخۇي ۋەقەسى»نى پەيدا قىلىپ، 2-قېتىم كومپارتىيەگە قارشى دولقۇن قوزغىدى. مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت «سوۋېت ئىشەنچسىز»، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىمۇ گۇمران بولاي دەپ قالدى» دەپ قاراپ، گومىنداڭ بىلەن تىل بىرىكتۈرۈشنى، سوۋېتكە، كومپارتىيەگە قارشى تۇرۇش قەدىمىنى تېزلەتتى، ئاتالمىش «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇشقا سۇيىقەست قىلىش دېلوسى»نى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، جۇڭگو كوممۇنىستلىرىغا زىيانكەشلىك قىلدى.

شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت جۇڭگو كوممۇنىستلىرىدىن خېلى بۇرۇنلا ئېھتىيات قىلىپ كەلدى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مىنگو 28-يىلى (1939-يىلى)نىڭ باشلىرىدىن باشلاپ، زور تۈركۈمدىكى جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنى ئۈرۈمچىدىن تەدرىجىي جەنۇبىي شىنجاڭغا يۆتكىدى ۋە ئۇلارنىڭ خىزمەتلىرىنى ساقچى، ئىشپىيونلارنىڭ نازارىتى ئاستىغا ئالدى. ئالايلۇق، خۇاڭ مىنفۇنى ئاقسۇنىڭ مەمۇرىي باشلىقى، لىن جىلۇنى كۇچا ناھىيەسىنىڭ ھاكىمى قىلىپ يۆتكىدى؛ زور تۈركۈمدىكى جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ناھىيەلەرنىڭ باج ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ياكى مۇئاۋىن باشلىقى قىلىپ يۆتكىدى؛ مىنگونىڭ 30-يىلى (1941-يىلى) 7-ئايغا كەلگەندە جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ مۇھىم كادىرلىرىنى يەنە تۇيۇقسىز ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى ياكى ۋەزىپىسىدىن يۆتكىۋەتتى. ئالايلۇق، ماۋ زېمىننى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ مۇۋەققەت باشلىقى، فەن تۇڭ ۋە لىيۇ شىپىڭنى قومۇلنىڭ مەمۇرىي باشلىقى، شۇ مېڭچيۇنى تەھرىر-تەرجىمە كومىتېتىنىڭ باشلىقى قىلىپ يۆتكىدى، ۋاھاكازالار.

مىنگونىڭ 31-يىلى (1942-يىلى) 3-ئاينىڭ 19-كۈنى شېڭ شىسەي سۇيىقەست ئىشلىتىپ ئۆزىنىڭ ئىنىسى شېڭ شىچىنى ئۆلتۈرگۈزۈۋەتتى ھەمدە بۇ گۇناھنى سوۋېتنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلىغا ۋە ھەربىي ئىشلار مەسلىھەتچىسىگە دۆڭگەپ قويدى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ماشىنىلاشقان لىۋىنىڭ سەنمۇجاڭى پېڭ خۇەنشۇ، تۈەنجاڭ جاۋ جىڭتاڭ شۇنىڭدەك ئوفىتسېرلار مەكتىپىنىڭ سەنمۇجاڭى گو دېچى قاتارلىق بىر تۈركۈم ئوفىتسېرلارنى تېز قولغا ئالدى. ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە ۋەزىپىگە ئولتۇرغىنىغا ئۇزۇن بولمىغان مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى زاڭ گوفېڭ، سابىق مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى، زامانىۋى سىياسىي تەلىم-تەربىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى لى يىئوۋ، يەرلىك مەھسۇلات شىركىتىنىڭ دىرېكتورى ما جياۋ، مۇئاۋىن دىرېكتورى شياۋ زوشىننى قولغا ئالدى. قاتتىق جازاغا چىدىمىغان زاڭ گوفېڭ، لى يىئوۋ ئىككىيلەننى شېڭ شىسەينىڭ خاھىشى بويىچە شىنجاڭدا ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇۋېتىش قەستىدە بولۇۋاتقان بىر توپىلاڭچى تەشكىلات بار، ئۇنىڭ توپىلاڭ كۆتۈرۈش ۋاقتى 1942-يىلى 4-ئاينىڭ 12-كۈنى مەقسىتى شېڭ شىسەينى قەستلەپ ئۆلتۈرۈپ، ئۆلكىلىك

ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، جۇڭگودىن ئايرىلغان بىر ھاكىمىيەتنى قۇرۇش؛ شېڭ شىچەينى ئۆلتۈرۈشتىكى مەقسەت توپىلاڭنى ئىشقا ئاشۇرۇش؛ بۇ سۇيىقەستنىڭ باش جىنايەتچىسى سوۋېتنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى ۋە زور تۈركۈمدىكى جۇڭگو كوممۇنىستلىرى، دەپ تۆھمەت قىلدۇردى. بۇ تۆھمەتنى شېڭ شىسەي جۇڭگو كوممۇنىستلىرىغا ھەدەپ زىيانكەشلىك قىلىشنىڭ باھانىسى قىلدى.

مىنگونىڭ 31-يىلى (1942-يىلى) 4-ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت چۇگۇچەكدا تۇرۇشلۇق ۋەكىل جاڭ يۈەنفۇنى جاڭ جيېشى بىلەن كۆرۈشۈشكە ئەۋەتتى، جياڭ جيېشى ئۇنىڭ بىلەن ئۈچ قېتىم كۆرۈشۈپ، سۆھبەت شەرتلىرىنى كېڭەشتى. 5-ئاينىڭ 7-كۈنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت شېڭ شىسەينىڭ 5-ئىنىسى شېڭ شىجىنى چۇگۇچەكغا بېرىپ جياڭ جيېشى بىلەن كۆرۈشۈشكە ئەۋەتتى. شېڭ شىجى شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت 6-ئاينىڭ 28-كۈنى جياڭ جيېشىغا مەخپىي تېلېگرامما يوللاپ، سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە ئادەم ئەۋەتىشنى سورىدى. نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتى 8-ئۇرۇش رايونىنىڭ قوماندانى جۇ شاۋلياڭ ۋە ۋېڭ ۋېنخاۋ، ماۋ باڭچۇ قاتارلىقلارنى ئەۋەتتى. ئۇلار 7-ئاينىڭ 3-كۈنى ئۈرۈمچىگە كېلىپ شېڭ شىسەينىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىدى. 7-ئاينىڭ 11-كۈنى جۇ شاۋلياڭ شېڭ شىسەينىڭ جياڭ جيېشىغا يازغان خېتىنى ئېلىپ چۇگۇچەكغا قايتتى. 7-ئاينىڭ 20-كۈنى جۇ شاۋلياڭ يەنە جياڭ جيېشىنىڭ كۆرسەتمىسىنى ئېلىپ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى. 8-ئاينىڭ 19-كۈنى جۇ شاۋلياڭ شېڭ شىسەينىڭ خېتىنى ئېلىپ لەنجۇغا قايتىپ كېلىپ، جياڭ جيېشىنىڭ ئالدىغا كۆرۈشكىلى باردى. 8-ئاينىڭ 29-كۈنى جۇ شاۋلياڭ، گۇ جۇتوڭ، ۋۇ زېشياڭ، لياڭ خەنساۋ قاتارلىقلار سۇڭ مېيلىڭغا ھەمراھ بولۇپ ئۈرۈمچىگە كېلىپ، شېڭ شىسەي بىلەن «سوۋېتنىڭ جايلاردا قۇترىتقۇلۇق قىلىپ ۋەقە تۇغدۇرۇشىنىڭ قاتتىق ئالدىنى ئېلىش؛ قوشۇن يۆتكەپ كېلىپ شىنجاڭنىڭ مۇداپىئە ئىشلىرىنى كۈچەيتىش؛ شىنجاڭدا گومىنداڭ پىرقىسىنى قۇرۇش؛ جۇڭگو كومپارتىيەسى خىزمەتچىلىرىنىڭ خىزمىتىنى توختىتىش ھەمدە ئۇلارنى بىر يەرگە توپلاش؛ شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ئاۋىياتسىيە ئەترىتىنى ئاۋىياتسىيە كومىتېتى ئادەم ئەۋەتىپ ئۆتكۈزۈۋېلىش؛ دىپلوماتىيە ئىشلىرى باشقارمىسىنى نەنجىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى ئادەم ئەۋەتىپ ئۆتكۈزۈۋېلىش»تىن ئىبارەت ئالتە تۈرلۈك كېلىشىم ھاسىل قىلدى.

مىنگونىڭ 31-يىلى (1942-يىلى) 2-ئاينىڭ 2-كۈنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى شېڭ شىسەي ماۋ زېمىننى «كېسەل سەۋەبىدىن ۋەزىپىسىدىن ئايرىلدى» دېگەن نام بىلەن خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ نازىرلىق ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى ھەمدە جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى لى يىڭچىنى خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ قوشۇمچە نازىرلىقىغا تەيىنلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت «باشقا ۋەزىپىگە قويۇلدۇ» دېگەن نام بىلەن شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا خىزمەت قىلىۋاتقان كۆپلىگەن جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنى ئارقا-ئارقىدىن ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كەلدى. 9-ئاينىڭ باشلىرىدا جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ شىنجاڭدا خىزمەت قىلىۋاتقان خادىملىرىنىڭ ھەممىسىنى باخۇلياڭ مېھمانخانىسىغا يىغىپ نازارەت ئاستىغا ئالدى. 9-ئاينىڭ 17-كۈنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت «مېھمان چاقىرىش» نامى بىلەن چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن، شۇ مېڭچيۇ، پەن تۇڭ، ليۇ شىپىڭ قاتارلىقلارنى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىنى ئۈرۈمچىنىڭ لومەنچېڭدىكى چيۇ قەسرىگە نەزەربەنت قىلدى، كېيىن ئۇلارنى ليۇ قەسرىگە يۆتكەپ كەلدى، يەنە لى زۇڭلىن، لىن جىلۇ، لى يۈنياڭ، گاۋ دېڭباڭ قاتارلىقلارنى ئۈچ بۇرجەك جايدىكى ۋاقىتلىق مېھمانخانىدا، جۇڭگو كومپارتىيەسى ئاۋىياتسىيە ئەترىتىنىڭ ئەزالىرىنى باش ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ئارقا ھويلىسىدا، قالغان 70 تىن ئارتۇق كىشىنى باخۇلياڭ مېھمانخانىسىدا نەزەربەنت قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت شىنجاڭ يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ليۇ خەنشېڭ، ئېلېكتىر چىرىغى شىركىتىنىڭ دىرېكتورى فېڭ لياڭ قاتارلىقلارنى موسكۋاغا ئەۋەتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە سوۋېتنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى ۋە ھەربىي ئىشلار مەسلىھەتچىسىنىڭ قارشى ئېلىنمايدىغانلىقىنى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇلارنى چاقىرتىپ كېتىشىنى بىلدۈردى

مىنگونىڭ 32-يىلى (1943-يىلى) 2-ۋە 4-ئايلاردا، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق زور بىر تۈركۈم جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىنى رەسمىي قولغا ئېلىش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى. مىنگونىڭ 32-يىلى (1943-يىلى) نەنجىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتى بۇ دېلوغا رەسمىي قول تىقتى. مەركىزىي ھەربىي قانۇن ئىجرائىيە باش تەپتىش بۆلۈمى شىنجاڭ خىزمەت گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، ۋاڭ دېپۇ، جى يۈەنپۇ، جېڭ دالۇن، جو شۇشېڭلارنى

سوت ئىشلىرىغا قاتنىششىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە ئەۋەتتى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ۋاقىتلىق قاراپ چىقىش ھەيئىتى قۇردى. ھەيئەتكە شىنجاڭ يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى قوشۇمچە باش ۋالىي مەھكىمىسى ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى ليۇ شياۋلى مۇدىر، ۋاڭ دېيۇ مۇئاۋىن مۇدىر، جۇ شۇشېڭ، جى يۈەنپۇ ۋە شىنجاڭ باش ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ سەنمۇجاڭى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىكى نازارەت، باشقارمىلارنىڭ نەچچە 10 باشلىقى ئەزا، جېڭ دالۇن پوتوكچى ئەمەلدار بولدى. ئۇلار ئۈچ ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت قىيناپ سوراق قىلدى. 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى شېڭ شىسەي چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن، لىن جىلۇلارنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. قالغان 131 كومپارتىيە ئەزاسى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تۈرمىگە قاماپ قويدى.

### 6) گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىش

(1) سوۋېتكە قارشى تۇرۇش دولقۇنىنى قوزغاپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنى ياردەم بېرىۋاتقان خادىملىرىنى قايتۇرۇپ كېتىشكە قىستاش

منگونىڭ 30 - يىلى (1941 - يىلى)دىن ئىلگىرى شىنجاڭ بىلەن سوۋېتنىڭ مۇناسىۋىتى ئاساسىي جەھەتتىن نورمال بولۇپ كەلگەنىدى. منگونىڭ 30 - يىلى (1941 - يىلى) سوۋېت - گېرمانىيە ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى بىلەن سوۋېتنىڭ مۇناسىۋىتى بارا - بارا يامانلاشتى؛ بولۇپمۇ منگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى) 8 - ئايدا شېڭ شىسەي گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقاندىن كېيىن، شىنجاڭ بىلەن سوۋېتنىڭ مۇناسىۋىتى تېز يامانلىشىپ كەتتى.

شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت منگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى) 8 - ئايدا گومىنداڭ بىلەن تۈزۈشكەن كېلىشىمگە ئاساسەن، منگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى)نىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ، دىپلوماتىيە ئىشلىرىنى تەدرىجىي گومىنداڭ نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە ئۆتكۈزۈپ بەردى. نەنجىڭ ھۆكۈمىتى دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى ۋۇ زېشياڭنى دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىنىڭ خاس ۋەكىلى قىلىپ تەيىنلىدى ھەمدە ئۈرۈمچىدە دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق خاس ۋەكىل مەھكىمىسى قۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ دىپلوماتىيە خىزمىتىنى ئۆتكۈزۈۋالدى. نەنجىڭ ھۆكۈمىتى دىپلوماتىيە خىزمىتىنى ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئىلگىرى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت دىپلوماتىيە ئىشلىرى جەھەتتە سوۋېتكە قارىتا مۇنداق تەدبىرلەرنى قوللاندى:

بىرىنچىدىن، سوۋېت بىلەن شىنجاڭنىڭ سودا ئىشلىرىدا توسالغۇ پەيدا قىلدى. مەسىلەن: شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى سودىگەرلەرنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى سودا ئورگانلىرى بىلەن سودا توختامى ئىمزالىشىنى چەكلىدى؛ ئۆز ئالدىغا قانۇنىي باھا قويدى، سوۋېت - شىنجاڭ سودا شىركەتلىرىنىڭ سودا ئوبوروت مەبلىغىدىن ئېلىنىدىغان باجنى ھەدەپ كۆپەيتىۋەتتى، شۇنداق قىلىپ سوۋېت - شىنجاڭ سودا شىركەتلىرىنى زور زىيانغا ئۇچرىتىپ تىجارەت قىلالمايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى؛ شۇنىڭغا ئەگىشىپ سوۋېت - شىنجاڭ سودا شىركەتلىرىنىڭ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن قوبۇل قىلغان ئىشچىلىرىنى ئارقا - ئارقىدىن قولغا ئالدى. ئەمەلىيەتتە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت سوۋېت بىلەن بولغان سودىنى ئۆز ئالدىغا ئۈزۈپ قويدى.

ئىككىنچىدىن، منگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى) 10 - ئاينىڭ 5 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى پوشكىن ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىگە ئەسلەتمە تاپشۇرغۇزدى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەسلەتمىدە: «شىنجاڭدا تۇرۇشقا رۇخسەت قىلىنغان سوۋېت ئىتتىپاقى دىپلوماتىيە ئەمەلدارلىرىدىن باشقا، شىنجاڭدىكى بارلىق سوۋېتلىكلەر، جۈملىدىن ھەربىي مەسلىھەتچى خادىملار، ھەربىي ئوقۇتقۇچىلار، مالىيە نازارىتى، قۇرۇلۇش نازارىتىدىكى سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرى، تېخنىكا مۇتەخەسسىسلىرى، ئىنژېنېر، دوختۇرلار، قىزىل ئارمىيەنىڭ قومۇلدا تۇرۇشلۇق 8 - تۈەنىنىڭ بارلىق قىسىملىرى، ئالتاي ۋە ئىلى رايونلىرىدىكى قەلەي كان خادىملىرى، تەكشۈرگۈچى خادىملار ئۈچ ئاي ئىچىدە بىردەك شىنجاڭ ئۆلكىسىدىن چىقىپ كېتىشى كېرەك» دەپ تەلەپ قىلىندى. سوۋېت ھۆكۈمىتى منگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) 4 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق سودا ئاپپاراتلىرىنىڭ پائالىيىتىنى قىسقارتىش، شىنجاڭدا ياردەملىشىۋاتقان مەسلىھەتچى، مۇتەخەسسىسلەرنى ۋە قىزىل 8 - تۈەننى قايتۇرۇپ كېتىش، ئۈرۈمچىدىكى ئايروپىلان زاۋۇتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، ئەسۋاب - ئۈسكۈنىلەرنى ئېلىپ كېتىش، مۇتەخەسسىسلەرنى قايتۇرۇپ كېتىش؛ مايتاغ نېفىت ئايرىش كانىنىڭ خىزمىتىنى توختىتىپ، ئۇنىڭ ئەسۋاب - ئۈسكۈنىلىرىنى ئېلىپ كېتىش؛ شىنجاڭ گېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ ئەسۋاب - ئۈسكۈنىلىرىنى ئېلىپ كېتىش، خادىملىرىنى قايتۇرۇپ كېتىشنى قارار قىلغانلىقىنى رەسمىي ئۇقتۇردى.

مىنگونىڭ 32-يىلى (1943-يىلى) 6-ئاينىڭ 16-كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بارلىق ھەربىي ۋە تېخنىكا مەسلىھەتچىلىرى ئۈرۈمچىدىن ئايرىلدى، ئايرىملىرى دۆلىتىگە قايتىشنى كۈتۈپ تۇردى، لېكىن ئىشتىن توختىتىلدى. ئۆلكە بويىچە سوۋېت تەۋەلىكىدىكى مەسلىھەتچىلەردىن ئاران 112 ئادەم قالدى، كېيىن رايونلاردىكى سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرى ئارقا-ئارقىدىن چېكىنىپ چىقىپ كەتتى.

قىزىل 8-تۇەننىڭ كۆپ قىسمى مىنگونىڭ 32-يىلى (1943-يىلى) 6-ئاينىڭ باشلىرىدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بەلگىلەپ بەرگەن يول بويىچە مېڭىپ، ئۈرۈمچى، ماناس ئارقىلىق سوۋېتكە قايتىشقا باشلىدى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت زور تۈركۈمدە ئىشپىيونلارنى ئەۋەتىپ گازارمىنى ساقلاشقا قېپقالغان سوۋېتلىك ئوفىتسېر-ئەسكەرلەرنى مۇھاسىرىگە ئالغاندىن سىرت، يەنە قىسىملارنى ئىشقا سېلىپ قاتتىق نازارەت قىلدى. پۇقرالار شېڭ شىسەينىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ سوۋېت قوشۇنىغا ئاشلىق سېتىپ بېرىشكە جۈرئەت قىلالمىدى، كېيىن ئۇلارنىڭ ئاشلىقى ئۈزۈلۈپ قالدى. قىزىل 8-تۇەننىڭ تۈنجى تۈركۈمدىكى خادىملىرى چېكىنىۋاتقاندا، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەتتا ۋەقە تۇغدۇرۇش نىيىتىدە بولۇپ 8-ئۇرۇش رايونىنىڭ قوماندانىغا تېزدىن گومىنداڭنىڭ 18-ئارمىيەسى لۈيىنى لەنجۇدىن شىنجاڭغا ئەۋەتكۈزۈپ قىزىل 8-تۇەننىڭ ئۇدۇلىدىكى سۇ ئىلاھى بۇتخانىسىغا جايلاشتۇرغۇزدى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت سوۋېتنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق سودا ۋەكىلى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، «قىزىل 8-تۇەننىڭ قومۇلدىكى گازارمىسىنى سېتىۋېلىش توختامى» ئىمزالىدى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت 2 مىليون يۈەن (يېڭى پۇل) خەجلەپ گازارمىنى سېتىۋالدى. 11-ئاينىڭ 4-كۈنى ئەڭ ئاخىرقى بىر تۈركۈم 200 دىن كۆپرەك سوۋېت ئوفىتسېر-ئەسكەرلىرى چېكىنىپ چىقىپ كەتتى. جۇڭگو تەرەپنىڭ 30 دىن كۆپرەك ئوفىتسېر-ئەسكىرى گازارمىغا كىرىپ ئورۇنلاشتى.

مىنگونىڭ 32-يىلى (1943-يىلى) 7-ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى تۇدۇڭخابادىكى ئايروپىلان قۇراشتۇرۇش زاۋۇتىنىڭ ماشىنا-ئۈسكۈنىلىرىنى چۇۋۇپ ئايروپىلان بىلەن توشۇشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، 700 دىن كۆپرەك ئىشچىنى ئايروپىلان بىلەن سوۋېتكە قايتۇرۇپ كەتتى. مىنگو 33-يىلى (1944-يىلى)نىڭ باشلىرىدا ئايروپىلان قۇراشتۇرۇش زاۋۇتىنىڭ ئۈسكۈنىلىرىنى كۆچۈرۈش ئىشى تاماملاندى، زاۋۇت ئۆيى قاتارلىقلار سوۋېت تەرەپنىڭ تۇراقلىق مۈلكى بولغاچقا، جۇڭگو-سوۋېت ئىككى تەرەپ سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق، شۇ يىلى 5-ئايدا كېلىشىم ھاسىل قىلدى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت 4 مىليون 200 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى چىقىرىپ سېتىۋالدى.

شىنجاڭ گېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئىلى، ئالتاي، خوتەن قاتارلىق جايلارغا تارقالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ خادىملىرى مىنگونىڭ 32-يىلى (1943-يىلى) 5-ئايدىن باشلاپ بىر يەرگە يىغىلىشتى، ئەسۋاب-ئۈسكۈنە، رۇدىلار توشۇلۇشقا باشلىدى، 7-ئايغا كەلگەندە ئاساسىي جەھەتتىن چېكىنىپ بولدى.

مايتاغ نېفىت كانىغا كەلسەك، مىنگونىڭ 31-يىلى (1942-يىلى) 5-ئايدىلا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ خادىم ئەۋەتىپ سوۋېت بىلەن بولغان سۆھبەتنى قوللىشىنى ئىلتىماس قىلغانىدى. شۇ يىلى 7-ئايدا نەنجىڭ ھۆكۈمىتى ئىقتىساد مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى ۋېڭ ۋېنخاۋ، قاتناش مىنىستىرلىقى تاشيول ئىدارىسىنىڭ باشلىقى گۇڭ شۆسۈي، گەنسۇ نېفىت كان ئىدارىسىنىڭ باش دىرېكتورى سۈن يۆجى قاتارلىقلارنى ئۈرۈمچىگە سوۋېت دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى دىكانوسوف بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە ئەۋەتتى. مايتاغ نېفىت كانىنى داۋاملىق شېرىكلىشىپ ئاچماقچى بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئىش ۋۇجۇتقا چىقمىدى. مىنگونىڭ 32-يىلى (1943-يىلى) 6-ئايدا جۇڭگو بىلەن سوۋېت مايتاغ نېفىت كانىنىڭ خىزمەتلىرىنى توختىتىش، مۇتەخەسسىسلەرنى قايتۇرۇپ كېتىش، ئۈسكۈنىلەرنى ئېلىپ كېتىش توغرىسىدا سۆھبەت ئۆتكۈزدى. مىنگونىڭ 33-يىلى (1944-يىلى) 2-ئاينىڭ 16-كۈنى كېلىشىم ھاسىل قىلدى، سوۋېت تەرەپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن قېپقالغان گېنېراتور (5.3 كىلوۋاتلىق)، كاچالكا، ئىستانوك، كەپشەرلەش ماشىنىسى، كونا ئاپتوموبىل، نېفىت قۇدۇقى ۋە ئۆي قاتارلىقلارنى 1 مىليون 700 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا نەنجىڭ ھۆكۈمىتى بايلىق كومىتېتىغا سېتىپ بەردى. جۇڭگو تەرەپ 2-ئاينىڭ 21-كۈنىگىچە ھەممىنى ئۆتكۈزۈۋالدى.

(2) يېڭى ناھىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇش، يېزا (بازار)، باۋ-جيالارنى تەشكىللەش

مىنگونىڭ 28-يىلى (1939-يىلى) 9-ئاينىڭ 19-كۈنى نەنجىڭ ھۆكۈمىتى «ناھىيەدىكى ھەر دەرىجىلىك

ئورۇنلارنىڭ تەشكىلىي پىروگراممىسى»نى ئېلان قىلىپ، ئىچكى ئۆلكىلەردە تەدرىجىي يولغا قويدى. مىنگو 30 - يىلى (1941 - يىلى) نىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، 650 ناھىيەدە يېڭى ناھىيە تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت شىنجاڭنىڭ ئالاھىدىلىكىنى باھانە قىلىپ ئۇنى ئىجرا قىلمىدى. مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) شېڭ شىسەي گومىنداڭغا سېتىلغاندىن كېيىن، باسقۇچقا ۋە تۈركۈمگە بۆلۈپ يېڭى ناھىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنى قارار قىلدى. «ناھىيەدىكى ھەر دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ تەشكىلىي پىروگراممىسى»گە ئاساسەن، ناھىيەدىن تۆۋەن ئاپتونومىيەلىك جايلار ناھىيە ۋە يېزا (بازار)لاردىن تەشكىللىنەتتى، يېڭى ناھىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنىڭ ئاساسى يېزا - بازار، باۋ - جيا نوپۇسىنى تەشكىللەش ئىدى. شىنجاڭنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت «پىروگراما»نىڭ روھىغا ئاساسەن، يېزا - بازار، باۋ - جيا تەشكىللەشنىڭ بىر قاتار چارە، قائىدە، ئومۇمىي پىرىنسىپ ۋە تەرتىپلىرىنى ئايرىم ئېلان قىلدى.

مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) 7 - ئاينىڭ 24 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىسى ئاساسلىقى «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ يېزا (بازار)، باۋ - جيا نوپۇسىنى تەشكىللەش چارىسى» (40 ماددا)؛ «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ناھىيەلىرىدىكى يېزا (بازار) مەھكىمىلىرىنىڭ تەشكىلىي قائىدىسى» (16 ماددا)؛ «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ناھىيەلىرىدىكى باۋ ئىش باشقارمىلىرىنىڭ تەشكىلىي قائىدىسى» (13 ماددا)؛ «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ناھىيەلىرىدىكى يېزا (بازار) مەھكىمىلىرىنىڭ ئىش بېجىرىش ئومۇمىي پىرىنسىپى» (21 ماددا)؛ «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ناھىيەلىرىدىكى باۋ ئىش باشقارمىلىرىنىڭ ئىش بېجىرىش ئومۇمىي پىرىنسىپى» (20 ماددا)؛ «شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى ناھىيەلەرنىڭ يېزا (بازار) ئىشلىرى يىغىنى قائىدىسى» (11 ماددا)؛ «شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى ناھىيەلەرنىڭ باۋ ئىشلىرى يىغىنى قائىدىسى» (11 ماددا)؛ «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ناھىيەلەردىكى يېزا (بازار)، تەيىنلەش - قالدۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى» (18 ماددا)؛ «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ نوپۇس تىزىملاش چارىسى» (21 ماددا)؛ «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ بىرلىشىپ ۋەدە بېرىش، جازانى تەڭ كۆرۈشنى يولغا قويۇش چارىسى» (24 ماددا) قاتارلىق بەلگىلىمىلەرنى ئېلان قىلدى.

يېزا - بازارلارنى ۋە باۋ - جيالارنى تەشكىللەشنىڭ يادروسى ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتىنى تىزگىنلەش، ئۆزئارا ۋەدە بېرىش، جازانى تەڭ كۆرۈشنى يولغا قويۇش؛ ئادەم جەزمەن تۈتۈنگە تەۋە بولۇش، تۈتۈن جەزمەن جياغا تەۋە بولۇش، جيا جەزمەن باۋغا تەۋە بولۇش، باۋ جەزمەن يېزا (بازار)غا تەۋە بولۇش، يېزا (بازار) جەزمەن ناھىيەگە تەۋە بولۇش؛ ئۇۋام بىر - بىرىنى نازارەت قىلىش، يۇقىرى - تۆۋەن بىر - بىرىگە باغلىنىپ تۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن مۇنداق ئىش كۆرۈلگەن:

بىر تۈتۈن بىر ئورۇندا، بىر باشقۇرغۇچىنىڭ قول ئاستىدا، ئورتاق ياشايدىغان ياكى ئورتاق تىجارەت قىلىدىغان ۋە ياكى ئورتاق ئىش بېجىرىدىغانلارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار ئادەتتىكى تۈتۈن، ئىبادەتخانا تۈتۈنى، ئاممىۋى تۈتۈن، چەت ئەل مۇھاجىرلىرى تۈتۈنى، ئالاھىدە تۈتۈن ۋە ۋاقىتلىق تۈتۈن دەپ ئايرىلغان. ياللانما ئىشچى، دۇكان مالايلىرى خوجايىن، دۇكاندارلاردىن ئىبارەت تۈتۈن بېگىنىڭ نوپۇسى قىلىنغان. قەلەندەر، كۆچمەنلەر يېقىن ئەتراپتىكى تۈتۈنلەرنىڭ نازارەت قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىلگەن. تۈتۈنلەرگە تۈتۈن نومۇرى سېلىنغان. تۈتۈن بېگى جيادىكى باشقا تۈتۈن بېگىدىن ئاز دېگەندە بەشىنى خالىغانچە تاللاپ چاتما كېپىللەرنى چېتىپ جازالاش كاپالەتنامىسى ئىمزالىغان. ئاممىۋى تۈتۈندىن باشقىلىرىغا شۇ باۋدىكى، ياكى شۇ يېزا (بازار) دىكى ھاللىق باي ياكى ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى بولۇپ ئىشلەۋاتقانلار كېپىل بولغان. ئاممىۋى تۈتۈنلەرگە قارىتا تۈتۈن بېگى بولغۇچى نازارەت قىلىپ كاپالەتنامە چىقىرىپ بېرىشكە تولۇق مەسئۇل بولغان.

10 تۈتۈن بىر جيا قىلىنغان، كەم بولغاندا ئالتە تۈتۈندىن ئاز بولمىغان، ئەڭ كۆپ بولغاندا 15 تۈتۈندىن ئېشىپ كەتمىگەن. جيا باشلىقىنى تۈتۈنبەگلىرى سايلاپ چىققان، ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى بىر يىل بولغان، ئۇدا سايلانسا ئۇدا ۋەزىپە ئۆتىگەن.

10 جيا بىر باۋ قىلىنغان، كەم بولغاندا ئالتە جيادىن ئاز بولمىغان، ئەڭ كۆپ بولغاندا 15 جيادىن ئېشىپ كەتمىگەن. باۋ باشلىقىنى جيا باشلىقلىرى كۆپ نامزات بويىچە كۆرسەتكەن، ناھىيەلىك ھۆكۈمەت تاللاپ ۋەزىپىگە قويغان. شىنجاڭ ئۆلكىسىدە بۇرۇنقى كەنت باشلىقلىرى داۋاملىق باۋ باشلىقى بولغان.

10 باۋ بىر يېزا (بازار) قىلىنغان، كەم بولغاندا ئالتە باۋدىن ئاز بولمىغان، ئەڭ كۆپ بولغاندا 15 باۋدىن ئېشىپ

كەتمىگەن. يېزا (بازار) باشلىقى ۋە باۋ باشلىقىنى ھاكىم ساقچى ئىدارىسى، خەلق ئىشلىرى بۆلۈمى، مائارىپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىرىنى چاقىرىپ ھەممە ناھىيەلىك پىرقىنىڭ شۇجىسى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بېكىتكەن. بۇلارنى ئەمەلىيەتتە گومىنداڭنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى، خەلق ھۆكۈمىتى ھەربىي ئىشلار كومىتېتى تەكشۈرۈش ۋە ئىستاتىستىكا قىلىش ئىدارىسى ئىشپىيونلىرىنىڭ سىرتقى تەشكىلاتلىرى، جۇڭگو گومىنداڭ مەركىزىي ئىجرائىيە ھەيئىتى تەكشۈرۈش ۋە ئىستاتىستىكا قىلىش ئىدارىسى ئىشپىيونلىرى تىزگىنلىگەن. يېزا (بازار) باشلىقى، باۋ باشلىقى، جيا باشلىقى، تۈتۈنبېگى دەرىجىمۇ دەرىجە مەسئۇل بولغان، بىر تۇتاش نازارەت قىلىنغان، ئايرىم-ئايرىم ھالدا تەڭ جازا كۆرگەن.

تەڭ جازانى ئىجرا قىلىش، كەچۈرۈم قىلىش، مۇكاپاتلاش ھوقۇقى ناھىيەلىك ھۆكۈمەتتە ياكى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىدە بولغان. ئۆلكە مەركىزى ياكى رايونلۇق ساقچى ئىدارىسى تۇرۇشلۇق شەھەرلەردە ئۆلكە مەركىزى ياكى رايونلۇق ساقچى ئىدارىسى قانۇن بويىچە ئىش كۆرگەن.

مىنگونىڭ 32-يىلى (1943-يىلى) 7-ئاينىڭ 24-كۈنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ 1-قارارلىق يېزا (بازار)، باۋ-جيا نوپۇسىنى تەكشۈرۈپ تەشكىللەش تەرتىپى» (10 ماددا)نى ئېلان قىلدى، بۇ تەرتىپكە ئاساسەن، مىنگونىڭ 32-يىلى (1943-يىلى) 12-ئاينىڭ 30-كۈنىگە قەدەر شىنجاڭ بويىچە 10 چوڭ شەھەردە 17 يېزا، 63 بازار، 784 باۋ، 8455 جيا، 77 مىڭ 416 تۈتۈن تەشكىل قىلىندى.

مىنگونىڭ 33-يىلى (1944-يىلى) 12-ئاينىڭ 30-كۈنىگە قەدەر ئۆلكە بويىچە 36 ناھىيە باۋ-جيا تەشكىللەش ئىشىنى تاماملاپ بولدى، يېزا 174 كە، بازار 123 كە، باۋ 2839 غا، جيا 32 مىڭ 190 گە، تۈتۈن 387 مىڭ 29 غا يەتتى.

مىنگونىڭ 33-يىلى (1944-يىلى) 8-ئايدا ئېلان قىلىنغان «شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى ناھىيەلەرنىڭ ھەر دەرىجىلىك ئورۇنلىرىنىڭ تەشكىلىي پىروگراممىسىنى يولغا قويۇش پىلانى»دا بايان قىلىنىشىچە، يېڭى ناھىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇشتا يەنە تۆۋەندىكى تەدبىرلەر قوللىنىلغان: بىرىنچىدىن، ناھىيەلەرنى دەرىجىلەرگە ئايرىش. ناھىيەلەرنىڭ دەرىجىسى ناھىيەلەرنىڭ يەر كۆلىمى، نوپۇسى، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، قاتناش ۋە دۆلەت مۇداپىئە ئېھتىياجىغا ئاساسەن بېكىتىلگەن. ئوخشاش بولمىغان ناھىيەلەرنىڭ ناھىيەلىك ھۆكۈمەت ئاپپاراتى، خادىم ئىشتاتىمۇ، خىراجىتىمۇ ئوخشاش بولمىغان. مىنگونىڭ 33-يىلى (1944-يىلى) 1-ئايدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ قەرەللىك يىغىنىدا شىنجاڭ بويىچە ئۈرۈمچى قاتارلىق 16 ناھىيەنى 1-دەرىجىلىك ناھىيە قىلىش؛ بارىكۆل قاتارلىق 15 ناھىيەنى 2-دەرىجىلىك ناھىيە قىلىش؛ سانجى قاتارلىق 25 ناھىيەنى 3-دەرىجىلىك ناھىيە قىلىش؛ قۇتۇبى قاتارلىق 13 ناھىيەنى 4-دەرىجىلىك ناھىيە قىلىش؛ ئاراتۇرۇك قاتارلىق ئالتە ناھىيەنى 5-دەرىجىلىك ناھىيە قىلىش؛ ئۇنىڭدىن باشقا يەنە كۆنەس قاتارلىق بەش مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىمۇ شۇ قاتارغا كىرگۈزۈش قارار قىلىندى. ئىككىنچىدىن، ناھىيەلىك ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ھاكىملارنىڭ ھوقۇق دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مىنگونىڭ 33-يىلى (1944-يىلى)دىن باشلاپ، ئۆلكە بويىچە رايونلۇق مالىيە ئىدارىسى، مائارىپ ئىدارىسى، قۇرۇلۇش ئىدارىسى ۋە ناھىيەلەردىكى باج ئىدارىلىرىنى بىردەك ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ناھىيەلەرنىڭ مالىيە، مائارىپ، قۇرۇلۇش بۆلۈملىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى قارار قىلدى. ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىنىڭ جايلاردىكى مالىيە ئىدارىلىرىنى ئۆزگەرتىپ ناھىيەلىك ھۆكۈمەتكە قوشۇۋېتىش ئىشى توغرىسىدا، ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى مىنگونىڭ 33-يىلى (1944-يىلى) 6-ئايدا تۆت ماددىلىق قوشۇۋېتىش چارىسىنى ئېلان قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە مىنگونىڭ 33-يىلى (1944-يىلى) شۇ يىللىق باج كىرىمىنى يەنىلا مالىيە نازارىتى بىر تۇتاش يىغىش، ناھىيەلەردە بوغالتىرلىق ئىشخانىسىنى ۋاقتىنچە قۇرماسلىق، بوغالتىرلىق كىرىم-چىقىم سىستېمىسىنى ۋاقتىنچە ئۆزگەرتمەسلىك بەلگىلەندى.

(3) ئۇرۇش مەزگىلىدىكى ئىقتىساد

① مەجبۇرىي مەبلەغ توپلاش

بىرىنچى، ئىتتىپاقداشلار غالىبىيەت دۆلەت زايومى توپلاش. شىنجاڭ ئۆلكىسى گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن ئىتتىپاقداش دۆلەت زايومى توپلىدى، مىنگونىڭ 32-يىلى (1943-يىلى) شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئىئانە توپلاش كومىتېتى قۇرۇلدى، شېڭ شىسەي قوشۇمچە مۇدىر، ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى قوشۇمچە باش خادىم، ئۈرۈمچى رايونلۇق ئىئانە توپلاش كومىتېتىنىڭ مۇدىرى بولدى. باشقا رايون، ناھىيەلەردە رايون، ناھىيەلەرنىڭ مەمۇرىي ئەمەلدارلىرى مۇدىر بولغان ئىئانە توپلاش ھەيئەتلىرى قۇرۇلۇپ، مەركىزىي مالىيە مىنىستىرلىقى چۈشۈرگەن ئىئانە توپلاش

ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاشقا مەسئۇل بولدى.

مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) شىنجاڭ تارقاتقان ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر زايومى جەمئىي 26 مىليون 670 مىڭ يۈەن (دۆلەت پۇلىغا سۇندۇرۇلغان) گە، مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) 50 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ۋەزىپە يۈكلەپ ئىئانە قىلىنغىنى 34 مىليون يۈەن، ئىئانە قىلىنغىنى 16 مىليون يۈەن.

ئىككىنچى، ئۇرۇش مەزگىلىدە مەجبۇرىي سېلىق سېلىپ پۇل ئامانەت قويدۇرۇلدى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مەركىزىي مەمۇرىي پالاتانىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) مەملىكەتلىك ئىقتىسادچىللىق بىلەن دۆلەت قۇرۇش پۇل ئامانىتى كومىتېتى شىنجاڭ شۆبە كومىتېتىنى قۇردى ھەمدە بۇ كومىتېت 5 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئاچقان تۇنجى قېتىملىق يىغىندا: مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) شۇ يىللىق پۇل ئامانىتى نىشانىنى 400 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈش ھەمدە بۇ ۋەزىپىنى رايون، ناھىيەلەرگە تەقسىم قىلىش؛ ناھىيەلەردە پۇل ئامانىتى تارماق ھەيئىتى قۇرۇش، ناھىيەدىن تۆۋەن ئورۇنلاردا يەنە پۇل ئامانىتى ئەترىتى قۇرۇش، دەپ قارار چىقاردى. 7 - ئاينىڭ 28 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مەركىزىي مەمۇرىي پالاتانىڭ «ئورگان - تەشكىلاتلار ۋە ھەر ساھە خىزمەتچىلىرىنىڭ پۇل ئامانەت قويۇش چارىسى»نى ئېلان قىلدى. 8 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت 24 ماددىلىق «ئىشچىلار ئامانەت قويۇش چارىسى»نى ئېلان قىلدى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مۇنۇلارنى بەلگىلىدى: شىركەتلەر، كارخانىلار، كەسپلەر تىجارەت سوممىسىنىڭ 1.5%ى بويىچە ئامانەت قويىدۇ؛ شىركەت، كارخانا، كەسپلەردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە ھەرخىل ئەركىن كەسپكارلارمۇ پۇل ئامانىتى چېكى سېتىۋالىدۇ. كۆچمەس مۈلۈكنى رەنگە قويۇش، سېتىش ياكى مىراسنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش، ھاراق - تاماكا، ئويۇن بېلىتى سېتىۋېلىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە پۇل ئامانىتى چېكى سېتىۋېلىش شەرت قىلىنىدۇ؛ يەرلىك مەھسۇلات شىركىتى سېتىۋالماقچى بولغان ئەشيالارنىڭ بىر قىسمىغا پۇل ئامانىتى چېكى ئارقىلىق چىقىم قىلىدۇ. ئائىلىلەرگە باۋ، جيا باشلىقلىرى پۇل ئامانىتى چېكىنى تەقسىملەپ سېتىپ بېرىدۇ.

ئۈچىنچى، ھەرخىل ئىئانىلەر. بىرىنچىدىن، مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىر ناھىيە بىر ئايروپىلان تەقدىم قىلىش ھەرىكىتى ئىئانە توپلاش ھەيئىتى قۇرۇپ، ئايروپىلان تەقدىم قىلىش ھەرىكىتىنى ئىلگىرى سۈردى. رايونلارنىڭ مەمۇرىي تەپتىش ۋالىيلىرى شۇنىڭدەك ناھىيەلەرنىڭ ھاكىملىرى ۋە ئورگان، قانۇنىي تەشكىلاتلار، مەكتەپلەرنىڭ باشلىقلىرى بۇنىڭغا مەسئۇل بولدى. مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى بۇ ھەرىكەت ئاياغلاشتى، جەمئىي 144 ئايروپىلان ئىئانە قىلىندى.

ئىككىنچىدىن، ئات ئىئانە قىلىندى. نەنجىڭ ھۆكۈمىتى مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى شىنجاڭنىڭ ئەسكەر ئېلىش، ئاشلىق يىغىش ئورنىغا 10 مىڭ ھەربىي ئات تەقدىم قىلىشنى بۇيرۇدى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت «ئات تەقدىم قىلىش توغرىسىدا ئاۋامغا مۇراجىئەت» چىقىرىپ، رايون، ناھىيەلەرگە شۇ بويىچە ئىجرا قىلىش توغرىسىدا ئومۇمىي بۇيرۇق چۈشۈرگەندىن سىرت، يەنە ھەربىي ئات تەقدىم قىلىشنىڭ تەپسىلىي چارىسىنى بەلگىلىدى. بۇ چارىدە ھەربىي ئات يىغىشقا ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى مەسئۇل بولىدۇ، رايون، ناھىيەلەردە شۇ رايوننىڭ مەمۇرىي ۋالىيسى ۋە ھاكىمى، مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى مەسئۇل بولىدۇ؛ ئىلى 2200 ئات (ئەڭ كۆپ) يىغىدۇ. رايونلار يىغقان ھەربىر ھەربىي ئات ئۈچۈن 700 يۈەن بەدەل پۇلى بېرىلىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. ئاتنىڭ تۈرى، رەڭگى، يېشى، ئېگىزلىكى، تەن ئۆلچىمى قاتارلىقلارغا تەلەپ قويۇلدى، يىغىۋېلىنغان ئاتلارنى ساقچى باشقارمىسى مۇھاپىزەت قىلىپ يەتكۈزۈپ بېرىدىغانلىقى، مۇددىتىنىڭ 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنىگىچە بولىدىغانلىقى بەلگىلەندى.

ئۈچىنچىدىن، ئارمىيەدىن ھال سوراش يۈزىسىدىن پۇل ئىئانە قىلدى. مەسىلەن: ئاياغ، پايپاق، ئاياللارنىڭ قىشلىق كىيىمى قاتارلىقلار. مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) شىنجاڭدا ئاياغ - پايپاق ئېلىش ئۈچۈن ئىئانە قىلىنغان دۆلەت پۇلى 8 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە يەتكەن، مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) 10 - ئايدىن مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) 6 - ئايغىچە بولغان تولۇقسىز مەلۇماتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، يارىدارلارنىڭ دوستى ئىئانە قىلغان ئۆلكە پۇلى 585 مىڭ يۈەندىن ئاشقان.

② شىنجاڭنىڭ مالىيە - باج ئىشلىرىنى مەركەزنىڭ بەلگىلىمىسى ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈش

مىنگونىڭ 32-يىلى (1943-يىلى) شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت 30 ماددىلىق «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ يەر بېجى نىزامنامىسى»نى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭدا شىمالىي شىنجاڭدىكى بەش رايون، ناھىيەلەردىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىر مو يەردىن بەش شېڭ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ھەربىر مو يەردىن تۆت شېڭ، تۆۋەن دەرىجىلىك يەردىن ئۈچ شېڭ؛ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بەش رايون-ناھىيەلەردىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىر مو يەردىن تۆت شېڭ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ھەربىر مو يەردىن ئۈچ شېڭ، تۆۋەن دەرىجىلىك ھەربىر مو يەردىن ئىككى شېڭ (بۇغداي ئاساس، كۆرە بىرلىك قىلىنىدۇ) باج ئېلىنىدۇ؛ ھۆكۈمەت ئىگىدارلىقىدىكى بىنەم يەردىن ئەمەلىي ھوسۇلنىڭ %21ى بويىچە باج ئېلىنىدۇ، دەپ بەلگىلەندى.

مىنگونىڭ 32-يىلى (1943-يىلى) 10-ئاينىڭ 13-كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت يەنە 27 ماددىلىق «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ يەر خېتى بېجى نىزامنامىسى»نى ئېلان قىلدى. بۇ نىزامنامىدا مەركەزنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، سېتىۋېلىنغان، ھەدىيە قىلىنغان، ئىگىلىۋېلىنغان ئۆي-جايلارنىڭ يەر خېتى بېجى شۇ ئۆي-جاي باھاسىنىڭ %15ى، رەنىگە قويۇلغان ئۆي-جايلارنىڭ يەر خېتى بېجى شۇ ئۆي-جاي باھاسىنىڭ %10ى؛ ئالماشتۇرۇلغان، بۆلۈۋېتىلگەن ئۆي-جايلارنىڭ يەر خېتى بېجى شۇ ئۆي-جاي باھاسىنىڭ %6ى بويىچە ھېسابلىنىدۇ، دەپ بەلگىلەندى.

مىنگونىڭ 32-يىلى (1943-يىلى) 6-ئاينىڭ 18-كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى «كۆچمە تىجارەتچىلەردىن نومۇر بېجى-تىجارەت بېجى ئېلىش چارىسى» (يەتتە ماددىلىق)نى تۈزۈپ چىقتى. ئۇنىڭدا، كۆچمە تىجارەت قىلغۇچىلاردىن توشۇلغان ئومۇمىي مالنىڭ باھاسى بويىچە %2 نومۇر بېجى ۋە مال يېتىپ كېلىپ سېتىلغاندىن كېيىنكى ئومۇمىي باھاسى بويىچە %3 كۆچمە تىجارەت بېجى ئېلىنىدۇ، دەپ بەلگىلەندى.

مىنگونىڭ 32-يىلى (1943-يىلى) 6-ئاينىڭ 16-كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىسى 21 ماددىلىق «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ شەھەرلەردىكى ياخشى يەرلەردىن يەر باھاسى بېجى ئېلىش ۋاقىتلىق نىزامنامىسى»نى ئېلان قىلىپ يەر باھاسى بېجى ئېلىشنى قارار قىلدى. ئومۇمەن شەھەرلەردە ئىمارەت سېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن ياخشى يەرلەردىن شۇ يەرنىڭ تەخمىنەن باھاسى بويىچە ھەر يىلى ‰20 يەر باھاسى بېجى يىغىۋېلىندى.

ئۇنىڭدىن باشقا، مىنگونىڭ 32-يىلى (1943-يىلى) ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت يەنە كۆكۆل ئېچىش بېجى، موخۇركا بېجى ئېلىش قاتارلىقلارنى بېكىتتى.

مىنگونىڭ 33-يىلى (1944-يىلى) 1-ئايدا مەركىزىي مالىيە مىنىستىرلىقى مۇئاۋىن باش باج ئەمەلدارى دىڭ گۇيتاڭنى ئورۇمچىگە ئەۋەتتى. 2-ئاينىڭ 15-كۈنى شىنجاڭ تاموژنىسى قۇرۇلۇپ، دىڭ گۇيتاڭ قوشۇمچە شىنجاڭ تاموژنىسىنىڭ باج ئەمەلدارى بولدى. شىنجاڭ تاموژنىسى ئورۇمچىدە قۇرۇلدى. ئالتاي، تارباغاتاي، ئىلى، قەشقەردە بىردىن شۆبە تاموژنا قۇرۇلدى. بۇرچىن، جىمنەي، ۋېيتاڭزا، قورغاس، تېكەس، قاراكۆل، يىتاڭ، تاشقورغان، يەكەن، قومۇلدا بىردىن تارماق تاموژنا قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، 19 ماددىلىق «شىنجاڭنىڭ تاموژنا بېجى ئېلىش ۋاقىتلىق نىزامنامىسى» ئېلان قىلىندى. ئومۇمەن شىنجاڭ چېگراسىدىن چىقىرىلغان ماللاردىن %18 باج، كىرگۈزۈلگەن ماللاردىن %10 ئىستېمال بېجى، باشقا ناھىيەلەرگە توشۇلغان ماللاردىن %18 باج ئېلىندى.

③ مال باھاسىنى تىزگىنلەش

شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مىنگونىڭ 29-يىلى (1940-يىلى) مۇقىم باھا كومىتېتى قۇرۇپ، ئاساسلىقى ئاشلىق باھاسىنى تىزگىنلىگەنىدى. مىنگونىڭ 32-يىلى (1943-يىلى) ئەشيالار ئىنتايىن كەم بولغاچقا ئاشلىقنىڭ باھاسىلا ئۆسۈپ قالماستىن، باشقا كۈندىلىك بۇيۇملارنىڭ باھاسمۇ كىشىنى چۆچۈتكۈدەك دەرىجىدە ئۆسۈپ كەتتى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئاشلىققا قارىتا بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللانغاندىن سىرت، شىنجاڭدا ئىنتايىن كەمچىل بولۇۋاتقان كۈندىلىك بۇيۇملارنى مەخسۇس سېتىشنى يولغا قويدى.

مىنگونىڭ 32-يىلى (1943-يىلى) 10-ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت 14 ماددىلىق «ئاشلىق سودىگەرلىرىنىڭ ئاشلىقنى تالىشىپ سېتىۋېلىشنى چەكلەش چارىسى»نى ئېلان قىلدى. بۇ چارىدە ئورۇمچىدىكى ئاشلىق سودىگەرلىرى، تۈگمەنچى، جوۋازچىلارنىڭ يەنە تۆت يېزىدىن ۋە ئەتراپتىكى ناھىيەلەردىن ئاشلىق سېتىۋېلىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ، ئۇلارغا كېرەكلىك ئاشلىقنى سودا بانكىسىنىڭ ئاشلىق ئىسكىلاتى تەكشۈرۈپ چىققاندىن كېيىن سېتىپ بېرىدۇ؛ يېزىلار ۋە ئەتراپتىكى ناھىيەلەر ئاشلىق سېتىشقا توغرا كەلسە، سودا بانكىسىنىڭ ئاشلىق ئىسكىلاتىلا سېتىۋالىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. مىنگونىڭ 32-يىلى (1943-يىلى) يەنە ئالۋان-سېلىق سېلىش بىلەن تەڭ ئاشلىق سېتىۋېلىش چارىسىنى قوللاندى.

مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) ئەتىيازدا ئۇرۇمچىدىلا ئاشلىق كەمچىل بولۇپ قالماي، جەنۇبىي شىنجاڭدىمۇ ئاشلىق قەھەتچىلىكى كۆرۈلدى. 4 - ئاينىڭ 26 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت، مۇقىم باھا كومىتېتىنىڭ ئورنىغا مال باھاسىنى باشقۇرۇش كومىتېتى قۇرۇپ، تۈرلۈك بۇيۇملارنى قاتتىق تىزگىنلىدى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسىنىڭ نامىدا چىقىرىلغان ئېلاندا: «كومىتېت باشلىقىنىڭ مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى) 12 - ئايدا يوللىغان مەخپىي تېلېگراممىسىغا ۋە دۆلەتنىڭ ئومۇمىي سەپەرۋەرلىك قانۇنىنىڭ 8 - ماددىسىغا ئاساسەن، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ باھا باشقۇرۇش چارىسى ۋە ئۇنى يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسى تۈزۈپ چىقىلدى ھەمدە مەمۇرىي پالاتا ئېلان قىلغان ئۆلكىلىك مال باھاسىنى باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ تەشكىلىي ئومۇمىي پرىنسىپىغا ئاساسەن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مال باھاسىنى باشقۇرۇش كومىتېتى قۇرۇلدى. رەئىس قوشۇمچە مۇدىر بولدى، تۈرلۈك چەكلەش ئىشلىرى، ئىقتىسادنى تەكشۈرۈش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولىدىغان ۋە يولغا قويۇش چارىسىگە ئاساسەن قاتتىق ئىش كۆرىدىغان ئىشخانا - گۇرۇپپىلار تەسىس قىلىندى»، «يولغا قويۇش چارىسى ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ، رايونلۇق، ناھىيەلىك، مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىلىرى مال باھاسىنى باشقۇرۇش كومىتېتلىرىنى مۆھلەت ئىچىدە قۇرۇپ، باھانى تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى قاتتىق يولغا قويۇشى لازىم» دېيىلدى.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئېلان قىلىنغان 19 ماددىلىق «مال باھاسىنى باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش چارىسى»دە مۇنۇلار بەلگىلەندى: ئۆلكە مەركىزى ۋە رايون، ناھىيە تۇرۇشلۇق جايلار شۇنىڭدەك شەھەر - بازارلاردا مال باھاسى باشقۇرۇلىدۇ؛ كۈندىلىك مۇھىم بۇيۇملار، ئىش ھەققى، كىرا ھەققى، ئىجارە ھەققىگە چەك قويۇلىدۇ؛ چەك قويۇلغان باھاغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىنى ساقچى باشقارمىسى، ساقچى ئىدارىسى ياكى ناھىيەلىك ھۆكۈمەت قاراپ چىقىپ بىر تەرەپ قىلىدۇ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەكشۈرۈپ تەستىقلايدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولغانلارغا قانۇن بويىچە يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ ھەمدە 100 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ دېلو بېجىرگۈچى خادىملار ئەگەر قانات ئاستىغا ئالسا ۋە نەپسانىيەتچىلىك قىلسا، ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، 10 يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قىلمىشى ئېغىرراق بولغانلىرىغا ئۆلۈم جازاسى ياكى مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت يەنە 12 ماددىلىق «شىنجاڭ مال باھاسىنى باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ تەشكىلىي قائىدىسى»، 10 ماددىلىق «مال باھاسىنى باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ ئىش بېجىرىش تەپسىلىي قائىدىسى»، 11 ماددىلىق «ناھىيەلىك مال باھاسىنى باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ تەشكىلىي ئومۇمىي پرىنسىپى»، 10 ماددىلىق «ھايانكەشلەرنى پاش قىلغانلارنى مۇكاپاتلاش چارىسى»نى ئېلان قىلدى. مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) 7 - ئاينىڭ 22 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت يەنە رايون، ناھىيە، ئىدارىلەرگە تېلېگرامما يوللاپ ئاشلىق سودىگەرلىرى، تۈگمەنچى، ناۋايلارنىڭ يېزىلارغا بېرىپ ئاشلىق سېتىۋېلىشىنى قاتتىق چەكلىدى.

شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئاشلىق باھاسىنى باشقۇرۇش بىلەن بىرگە، مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى)دىن باشلاپ يەنە چاي، سەرەڭگە، كىرسىن، بېنزىن قاتارلىق بەش خىل تاۋارنى مەخسۇس سېتىشنى يولغا قويدى، «يۈشىن» يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتى بىر تۇتاش سېتىۋېلىپ بىر تۇتاش ساتىدىغان بولدى ھەمدە «چاي، شېكەر - قەنت، سەرەڭگىنى مەخسۇس سېتىش تەپسىلىي قائىدىسى»، «سەرەڭگە زاۋۇتلىرىنى باشقۇرۇش چارىسى»نى ئېلان قىلدى. جۇڭگو، چەت ئەل سودىگەرلىرى مەخسۇس سېتىلىدىغان بۇيۇملارنى دۆلەت، ئۆلكە چېگراسىغا يۆتكەپ كەلگەندە، يەرلىك مەھسۇلات شىركىتى شۇ يەردىكى ھۆكۈمەت باھاسىدىن 30% تۆۋەن باھادا سېتىۋالدى. جۇڭگو، چەت ئەل سودىگەرلىرى مەخسۇس سېتىش كىنىشكىسى بېجىرگەندىن كېيىن مەخسۇس سېتىلىدىغان بۇيۇملارنى قائىدە بويىچە پارچە ساتىدىغان، يەنە كېلىپ ھۆكۈمەت باھاسى بويىچە ساتىدىغان بولدى. ئىككى ئاي ئىچىدە سېتىپ بولالمىسا، يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتى توپ سېتىش باھاسى بويىچە ھەممىسىنى سېتىۋالىدىغان بولدى، ئۇنىڭدىن باشقا شىنجاڭدىكى بارلىق يەرلىك مەھسۇلاتلارنى يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتى مەخسۇس باشقۇردى.

(4) شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ گومىنداڭ تەرىپىدىن تىزگىنلىنىشى

مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى)نىڭ ئاخىرى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت نەنجىڭ ھۆكۈمىتى دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى خادىملىرىنىڭ ئۈرۈمچىدە دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى خاس ۋەكىل مەھكىمىسى تەسىس قىلىشىغا قوشۇلغاندىن سىرت، نەنجىڭ ھۆكۈمىتى مائارىپ مىنىستىرلىقى ئەۋەتكەن ئالىي - ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسىدىن

نەچچە 10نى قوبۇل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، شىنجاڭ ئاۋىياتسىيە ئەترىتى، پوچتا، تاموژنا تارماقلىرى قاتارلىقلارنى نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە ئۆتكۈزۈپ بەردى.

ئەڭ مۇھىم بولغىنى، گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقىسى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك مەمۇرىي تەپتىش رايونى مەمۇرىي تەپتىش مەھكىمىسى ۋە 19 ئارمىيە قوماندانلىق ئىشتابى قۇرۇلدى.

مىنگونىڭ 32-يىلى (1943-يىلى) 1-ئاينىڭ 8-كۈنى 8-ئۇرۇش رايونىنىڭ قوماندانى جۇ شياۋلياڭ شېڭ شىسەي بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە قوشۇلدى. 1-ئاينىڭ 16-كۈنى ئۆلكىلىك پىرقە قۇرۇلدى. جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېتى شېڭ شىسەينى شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقىسى ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى قىلىپ تەيىنلىدى. ئىچكىرىدىن خۇاڭ رۇجىننى باش كاتىپلىققا ئەۋەتتى. لىن بويا قاتارلىق ئالتە كىشى بىلەن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىكى لى يىڭچى قاتارلىق تۆت كىشى ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولدى. گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېتى يەنە چېن تاۋ قاتارلىق تۆت كىشىنى ئەۋەتىپ، ئۆلكىلىك پىرقىنىڭ كاتىپلىق، تەشكىلات تەربىيەسى، تەشۋىقات ۋە بوغالتىرلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلدى. يەنە شىنجاڭدىكى قىسىملار ئىچىدە ئالاھىدە پىرقە قۇردى، شېڭ شىسەي چېگرا مۇداپىئە باش ۋالىي مەھكىمىسى ئالاھىدە پىرقىسىنىڭ خاس ۋەكىلى بولدى، چيۇ يۈشيۈڭ، ۋاڭ خۇڭزاۋ، ليۇ جېڭشىن، جاڭ فېڭيىلار ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، چيۇ يۈشيۈڭ قوشۇمچە باش كاتىپ بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئەسلىدىكى جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى ئەزالىرىنىڭ كۆپ قىسمى گومىنداڭ ئەزاسى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى، ھەتتا ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى خادىملار كوللېكتىپ ھالدا گومىنداڭغا كىردى. يەنە مەركىزىي تەلىم-تەربىيە تۈەنى شىنجاڭ شۆبە تۈەنى قۇرۇلدى، شېڭ شىسەي شۆبە تۈەنىنىڭ مۇدىرى بولدى، گومىنداڭ ئەۋەتكەن ھەربىي ئوقۇتقۇچى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىكى ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنى تەربىيەلىدى. مىنگونىڭ 32-يىلى (1943-يىلى) 9-ئايدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت پەرمان چۈشۈرۈپ، گومىنداڭ ئۆلكىلىك پىرقىنى جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ بارلىق مۈلكىنى ئۆتكۈزۈۋېلىشقا بۇيرۇدى. مىنگونىڭ 32-يىلى (1943-يىلى) 5-ئايدىن باشلاپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزالىرى بىلەن ئۆلكىلىك پىرقىنىڭ ئەزالىرى ئايدا بىر قېتىم پارتىيە-ھۆكۈمەت ئالاقە يىغىنى، ئىككى ھەپتىدە بىر قېتىم ئالاھىدە گۇرۇپپا يىغىنى ئاچتى، باش كاتىپ خۇاڭ رۇجىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرى يىغىنىغا قاتناشتى. ناھىيەلەر «ناھىيەلەرنىڭ ھەر دەرىجىلىك پارتىيە-ھۆكۈمەت مۇناسىۋىتىنى تەڭشەش چارىسى»نى ئىجرا قىلدى، ئىككى ھەپتىدە بىر قېتىم ناھىيەنىڭ پارتىيە-ھۆكۈمەت مەخپىي يىغىنىنى ئېچىپ، پارتىيە-ھۆكۈمەت خىزمىتىنى دوكلات قىلدى ۋە پارتىيە-ھۆكۈمەتكە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى مۇزاكىرە قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، جياڭ جېيشىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ناھىيەلىك پىرقىنىڭ باش كاتىپى قوشۇمچە ھاكىملىقنى ئۆتەش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. مىنگونىڭ 32-يىلى (1943-يىلى) 8-ئايغا قەدەر شىنجاڭ ئۆلكىسى بويىچە 10 مەمۇرىي رايوندىكى ناھىيەلىك پىرقە تەييارلىق ھەيئىتىنىڭ مۇدىرلىقىنى مەمۇرىي تەپتىش ۋالىيسى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى. تۇرپان ناھىيەسىدە ناھىيەلىك پىرقىنىڭ باش كاتىپى قوشۇمچە ھاكىم بولغانلىنى ھېسابقا ئالمىغاندا قالغان ناھىيەلەر بۇ قارارنى ئىجرا قىلىشقا ئاكتىپ تەييارلىق كۆردى. شۇنداق قىلىپ شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرى پەيدىنپەي گومىنداڭنىڭ كونتروللۇقىغا ئۆتۈپ كەتتى.

مىنگونىڭ 32-يىلى (1943-يىلى) 3-ئاينىڭ 1-كۈنى دۆلەت مۇداپىئەسى ئەڭ ئالىي كومىتېتى شىنجاڭ ئۆلكىلىك مەمۇرىي تەپتىش مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىشنى، لو جيالۇننى مۇپەتتىش بېگى، ۋاڭ جىتيەننى مۇئاۋىن مۇپەتتىش بېگى قىلىپ تەيىنلەشنى قارار قىلدى. شېڭ شىسەينى گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېتى مەمۇرىي تەپتىش كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا تەيىنلىدى.

مىنگونىڭ 31-يىلى (1942-يىلى) 11-ئاينىڭ 28-كۈنى جياڭ جېيشى شېڭ شىسەينى قوشۇمچە 8-ئۇرۇش رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانلىقىغا تەيىنلەپ، شىنجاڭنى جۇ شاۋلياڭنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرگۈزدى. مىنگونىڭ 32-يىلى (1943-يىلى) 1-ئايدا شېڭ شىسەي شىنجاڭدىكى جاھانگىرلىككە قارشى قوشۇننى مىللىي ئىنقىلابىي ئارمىيەگە ئۆزگەرتتى ھەمدە پەيدىنپەي مىللىي ئىنقىلابىي ئارمىيە بويىچە ئۆزگەرتىپ تەشكىللىدى. 4-ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت جۇ شاۋلياڭنىڭ 8-ئۇرۇش رايونى نامى بىلەن شىنجاڭغا يۆتكىلىپ كەلگەن قورالسىز ئالتە يېڭى بىڭتۈەنىنى قوبۇل قىلدى، ئۇلارنى بىر نەچچە رايونغا تەقسىم قىلىپ مەشىق قىلدۇردى، ئۇلارغا يېتەكچىلىك قىلغان تۆۋەن دەرىجىلىك

ئوفىتسېرلارنى باش ۋالىي مەھكىمىسى بەنگوڭتىڭىغا ياكى تەلىم ـ تەربىيە ئورگانلىرىغا خىزمەتكە ئەۋەتتى. 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى گومىنداڭنىڭ 18 ـ ئارمىيە لۇيى «باندىتلارنى قورشاپ يوقىتىش»قا ياردەم بېرىشنى باھانە قىلىپ قومۇلغا كىرىپ ئورۇنلاشتى. گومىنداڭ يەنە ۋۇۋېيدە 29 ـ جىتۇەنجۈننى قۇردى، ئەسلىدىكى خېشى 3 ـ ئارمىيەسىنىڭ باش قوماندانى قوشۇمچە خېشى گارنىزونىنىڭ باش قوماندانى لى تىيېجۈننى 29 ـ جىتۇەنجۈننىڭ قوماندانلىقىغا، شېڭ شىسەينى مۇئاۋىن قوماندانلىققا تەيىنلىدى. مىنگونىڭ 33 ـ يىلى (1944 ـ يىلى) ئەتىيازدا 29 ـ جىتۇەنجۈننىڭ قوماندانلىق ئىشتابى قومۇلغا يۆتكىلىپ كېلىپ ئورۇنلاشتى. لى تىيېجۈن يېڭى 2 ـ ئارمىيەنى باشلاپ شىنجاڭغا كىردى. بۇلاردىن يېڭى 2 ـ ئارمىيە 45 ـ شى قاتناش ساقچى باش ئەترىتى نامى بىلەن قومۇل، بارىكۆل، تۇرپانغا ئورۇنلاشتى، قومۇل، ئاراتۇرۇكتىن تۇرپانغىچە بولغان جايلار ئۇنىڭ مۇداپىئە رايونى قىلىندى؛ 18 ـ ئارمىيە لۇي گۇچۇڭغا يۆتكىلىپ بېرىپ مۇداپىئەدە تۇردى، شەرقتە مورى دەرياسىغىچە، غەربتە جىمسارغىچە بولغان جايلار ئۇنىڭ مۇداپىئە رايونى قىلىندى؛ زاپاس 7 ـ شى لومەنچېڭغا ئورۇنلاشتى، غەربتە ئىلىغىچە، جەنۇبتا قاراشەھەر، چاقىلىققىچە بولغان جايلار ئۇنىڭ مۇداپىئە رايونى قىلىندى. ئۇنىڭدىن باشقا، 29 ـ جىتۇەنجۈن قارىمىقىدىكى 42 ـ ئارمىيەنىڭ 48 ـ شىسى، 191 ـ شىسىدىكى قىسىملار ئەنشى، يۈمېن ئەتراپلىرىغا ئورۇنلىشىپ، شۇ ئارقىلىق قومۇلنى يىراقتىن تىزگىنلەپ تۇردى.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە، جۇڭگو گومىنداڭ مەركىزىي ئىجرائىيە كومىتېتى تەكشۈرۈش ـ ئىستاتىستىكا ئىدارىسى (مەركىزىي ئىستاتىستىكا ئىدارىسى) بىلەن ھۆكۈمەت ھەربىي ئىشلار كومىتېتى تەكشۈرۈش ـ ئىستاتىستىكا ئىدارىسى (ھەربىي ئىستاتىستىكا ئىدارىسى)نىڭ زور تۈركۈمدىكى ئىشپىيونلىرى شىنجاڭغا كىردى. ھەربىي ئىستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ ئىشپىيونى خۇ گوجېن لى يىڭچىنىڭ ئورنىغا ساقچى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى قوشۇمچە مەركىزىي ساقچى ئوفىتسېرلار مەكتىپى 3 ـ شۆبە مەكتىپىنىڭ مۇدىرى بولدى؛ ھەربىي ئىستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ ئىشپىيونى ليۇ خەندۇڭ ساقچى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قوشۇمچە ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولدى؛ ھەربىي ئىستاتىستىكا ئىدارىسى شىنجاڭدا شىنجاڭ پونكىتىنى قۇردى. مەركىزىي ئىستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ ئىشپىيونى شيې يۈگۇەن، ياڭ ۋېي قاتارلىقلارمۇ «شىنجاڭدا يىغىلىپ قالغان ئالاھىدە جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى قاراپ چىقىپ ھۆكۈم قىلىش ئۆمىكى»نىڭ نامى بىلەن ئۈرۈمچىگە كەلدى ھەمدە مەركىزىي ئىستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ ئىشپىيونلۇق ئورنىنى قۇردى.

شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ نازارەت ـ ئىدارىلىرىدىمۇ گومىنداڭ ئەۋەتكەن كىشىلەر مۇھىم ۋەزىپىگە قويۇلدى. مەسىلەن: گومىنداڭ ئىقتىساد مىنىستىرلىقى غەربىي شىمال سانائەتنى تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ باشلىقى لىن جىيۇڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرى بولدى.

شېڭ شىسەي گومىنداڭنى كىرگۈزۈش يولى بىلەن گەرچە شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە باش ۋالىيسى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى، گومىنداڭ مەمۇرىي تەپتىش كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقىسىنىڭ مۇدىرى، گومىنداڭ شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە باش ۋالىي مەھكىمىسى ئالاھىدە پىرقىسىنىڭ خاس ۋەكىلى، 8 ـ ئۇرۇش رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى، مەركىزىي تەلىم ـ تەربىيە تۇەنى شىنجاڭ شۆبە تۇەنىنىڭ مۇدىرى، مەركىزىي ھەربىي مەكتەپ 9 ـ شۆبە مەكتىپىنىڭ مۇدىرى، غەربىي شىمال تىرانسپورت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، 29 ـ جىتۇەنجۈننىڭ مۇئاۋىن قوماندانى قاتارلىق مەنسەپلەرگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشىنىڭ بارغانسېرى خەۋپ ـ خەتەرگە دۇچ كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مىنگونىڭ 32 ـ يىلى (1943 ـ يىلى) دىن باشلاپ، فاشىستلارغا قارشى خەلقئارا ئۇرۇش ۋە جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىدىمۇ تۈپ خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش بولغان، فاشىستلارنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا مەغلۇپ بولىدىغانلىقى مۇقىملىشىپ قالغانىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا شېڭ شىسەي گومىنداڭغا قارشى تۇرۇش ئارقىلىق سوۋېت ۋە كومپارتىيەگە خۇشامەت قىلماقچى بولدى. مىنگونىڭ 32 ـ يىلى (1943 ـ يىلى) 10 ـ ئايدا شېڭ شىسەي گومىنداڭنىڭ 5 ـ نۆۋەتلىك 11 ـ ئومۇمىي يىغىنىغا قاتناشقاندىن كېيىن، بارا ـ بارا مېھمان قوبۇل قىلمايدىغان، ئاشكارا سورۇنلاردا ناھايىتى ئاز ئوتتۇرىغا چىقىدىغان بولۇپ قالدى. شېڭ شىسەي گومىنداڭدىن مەركەز ئارمىيەسىگە قوماندانلىق قىلىش ھوقۇقىنى بېرىشنى، مۇمكىن بولسا شىنجاڭ قىسىملىرى ۋە ئامانلىق ساقلاش تۇەنىنى كېڭەيتىپ تەشكىللەشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، ھەممىسى رەت قىلىندى. يەنە كېلىپ گومىنداڭ ئارمىيەسى خۇنەن، گۇيجۇلاردا مەغلۇپ بولۇپ ھەدەپ چېكىنىشكە باشلىغاچقا، شېڭ شىسەي يەنە بىر قاتار دېلولارنى سادىر قىلىپ، گومىنداڭنىڭ كۈچلىرىنى قوغلاپ چىقارماقچى بولدى.

مىڭگونىڭ 33-يىلى (1944-يىلى) 4-ئاينىڭ 17-كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى ليۇ شاۋلى، مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى چېڭ دۇڭبەي، ئۆلكىلىك پىرقىنىڭ ئەزاسى خې گېڭگۇاڭ، شىنجاڭ گېزىتى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى سۇڭ نيەنسى، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى لاڭ داۋخېڭ، شەھەر مەمۇرىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ نەيجۇڭ، ئىلى مەمۇرىي مۇپەتتىش ۋالىيسى شۇ بودا، مەركىزىي ترانسپورت كومىتېتىنىڭ باشلىقى گو شىلياڭ قاتارلىق 10 نەچچە پارتىيە-ھۆكۈمەت ئەمەلدارىنى تۇيۇقسىز قولغا ئالدى. ئۇلارغا سوۋېت بىلەن كومپارتىيەنىڭ ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، ھازىرقى ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇۋېتىش قەستىدە بولغان دېگەن جىنايەت ئارتىلدى. 6-ئاينىڭ 26-كۈنى ئۈرۈمچىدىكى ئالىي، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلىرى، ئىشچى-خىزمەتچىلىرى ۋە باشلانغۇچ مەكتەپ مۇدىرلىرى غەربىي بىنا مەيدانىغا يىغىلغانلىق پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، يەنە شىنجاڭ ئىنستىتۇتى قاتارلىق ئالىي، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ 150 تىن كۆپرەك ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى ۋە ئىشچى-خىزمەتچىسىنى قولغا ئالدى.

مىڭگونىڭ 33-يىلى (1944-يىلى) 8-ئاينىڭ 11-كۈنى يېرىم كېچىدە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت جىددىي يىغىن ئېچىشنى باھانە قىلىپ، گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقىسىنىڭ باش كاتىپى خۇاڭ رۇجىن، قاتناش نازارىتىنىڭ نازىرى لىن جىيۇڭ، ئۆلكىلىك پىرقىنىڭ ئەزاسى تۇڭ شىچۈەن، جاڭ جىجى، لىن بويا، قاتناش مىنىستىرلىقى شىنجاڭ پوچتا يولى تارماق باشقارمىسىنىڭ باشلىقى گۇ گېڭيې، دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىنىڭ شىنجاڭ خاس ۋەكىلى مەھكىمىسى سوۋېت ئىتتىپاقى بۆلۈمىنىڭ باشلىقى دىڭ ۋېنسى شۇنىڭدەك ۋاڭ زۇخۇي، شيۇڭ فۇ، چۇ جوۋۇ، جۇ مىڭ قاتارلىق ئۆلكىلىك پىرقە، مەركىزىي تەلىم-تەربىيە تۇەنىنىڭ كادىرلىرىدىن بولۇپ 100 دىن كۆپرەك كىشىنى قولغا ئالدى. ئەتىسى يەنە 128-شىنىڭ شىجاڭى ليۇ جېڭشىن، ۋاقىتلىق تۈزۈلگەن 3-شىنىڭ شىجاڭى تاڭ جىچۈەن، ئاتلىق 11-شىنىڭ شىجاڭى ۋۇ شىجى، ئاتلىق 1-شىنىڭ شىجاڭى سۈي يىڭچۈەن ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنى قولغا ئالدى. بۇ قېتىم جەمئىي 300 دىن ئارتۇق كىشىنى قولغا ئالدى. ئۇلارغا بۇلار گومىنداڭ ئىچىگە سۇقۇنۇپ كىرىۋالغان كوممۇنىستلار، پۇرسەت تېپىپ سوۋېت بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ توپىلاڭ كۆتۈرۈش قەستىدە بولغان دېگەن جىنايەت ئارتىلدى. ستالىنغا يېزىلغان خەتتە بۇ كىشىلەر ياپونىيە جاسۇسلىرى دېيىلدى.

نەنجىڭ ھۆكۈمىتى بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق مەركەز قىسىملىرىغا جىددىي ھالەتكە ئۆتۈش، قومۇلدىكى خۇ ۋېنسى تۈەنىنى كېچىلەپ ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. يەنە بىر تەرەپتىن، جۇ شاۋلياڭنى دەرھال ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە بېرىپ، شېڭ شىسەينى ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىشكە ۋە شىنجاڭدىن ئايرىلىشقا قىستاشقا ئەۋەتتى. يېتىم قالغان شېڭ شىسەي ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىش ئىلتىماسى سۇنۇشقا مەجبۇر بولدى. 8-ئاينىڭ 29-كۈنى نەنجىڭ ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى تەستىقلىغانلىقى، شىنجاڭدىكى ئاساسلىق ۋە قوشۇمچە ۋەزىپىلىرىدىن قالدۇرۇلۇپ، دېھقانچىلىق-ئورمانچىلىق مىنىستىرلىقىغا تەيىنلەنگەنلىكى؛ شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ چېگرا مۇداپىئە باش ۋالىيلىقىدىن قالدۇرۇلغانلىقى، شىنجاڭ قىسىملىرى بىۋاستە گومىنداڭ ھەربىي ئىشلار كومىتېتىغا قارايدىغان بولغانلىقى، ۋۇ جۇڭشىننىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەنگەنلىكى، ۋۇ جۇڭشىن ۋەزىپىگە كېلىپ ئولتۇرغىچە جۇ شاۋلياڭنىڭ قوشۇمچە مۇۋەققەت رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ تۇرىدىغانلىقى توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. 9-ئاينىڭ 11-كۈنى شېڭ شىسەي شىنجاڭدىن ئايرىلدى، شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ نەنجىڭ ھۆكۈمىتى بىۋاستە ھۆكۈمرانلىق قىلىش دەۋرىگە قەدەم قويدى.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

---

**ئوقۇرمەنلەر سەمىگە:**

**«شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىغا ئېھتىياجلىق ئوقۇرمەنلەر «ئىزچىلار» كىتابخانىسى بىلەن ئالاقىلىشىڭ.**

**ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 386-نومۇر تېلېفون: 0991-2850601**

# 新 疆 地方志

维吾尔文版

（季刊）

目 录

2015 年第 1 期

总第 110 期



**顾 问**

努尔穆罕默德·多来提

沙比尔·艾力

**主编**

阿不都拉·阿吾提

**副主编**

阿不都肉甫·艾力

艾合买提·肉孜·托格热优力

**编 委**

（姓氏以维吾尔文字母为序）

阿不都肉甫·艾力

阿不都克优木·霍加

阿不来提·努尔东

阿不来提·伊敏

迪木拉提·木沙

热米拉

吾甫尔·吾守尔·尼亚孜

霍加阿合买提·优努斯

哈德尔·阿皮孜

哈斯木·霍加

库尔班·马木提

**责任编辑**

加米拉·阿不拉


# 目 录

**文献辑录**


2014 年新疆地方志工作大事记 …………………………… 1


**历史资料**


安史之乱中的突厥与回鹘 ……………………………………

……………………阿不来提.加莫洛夫著 / 依明江.塔吉译 9


**地名研究**


"Chaksa"地名的由来……………………玉努斯.沙地克 16


**地情探索**


阿热博孜的今诺对比………包尔汗尼丁.阿不都卡德尔 18


**学术讨论**


传说中的"雅朱者-马朱者" …………阿合买提江.买明 21


**文物古迹**


英吉沙县文物遗迹 …………………………………………

………………阿不都力艾孜孜.买苏米，买买提艾力.艾尼瓦尔 30


**新疆百业**


浅谈吐鲁番地区月洞房建造工艺……艾克热木.托合提 40


**小常识**


叶尔羌汗国官衔制度简介……………………………………

艾克热木江.买提肉苏力，布尼娅孜古丽.赛买提 44

墨玉河大桥的修建过程…………………………………………

买买提明.努日，图尔荪.阿卜杜拉 48


**社会主义新方志摘要**


连载《新疆通志·政务志·政府》………………… 50


封面： 阿克陶县巴仁乡摔跤比赛

约提克尔.尼加提摄

نەشر ھوقۇقى توغرىسىدا بايانات:

ھەرقانداق ئورۇن ياكى شەخسنىڭ ژۇرنىلىمىزدا بېرىلگەن ماقالىلەرنى تەھرىر بۆلۈمىمىزنىڭ رۇخسىتىسىز مەتبۇئاتلاردا كۆچۈرۈپ ئېلان قىلىشىغا، ھەرقانداق نام بىلەن توپلام قىلىپ نەشر قىلىشىغا ياكى توردا ئېلان قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ، خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ قانۇنىي مەسئۇلىيىتى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

— «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى


# 新疆地方志 维吾尔文(季刊)

主　办:新疆维吾尔自治区地方志编纂委员会

编辑出版:《新疆地方志》编辑部

地　址:乌鲁木齐市南湖路西一巷27号

印　刷:新疆金版印务有限公司

国际标准刊号: ISSN 2095 — 5278

国内统一刊号: CN65 — 1128/K— W

电话:4640715　4637126　邮政编码:830063

定价:5.00元

# شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى (پەسىللىك ژۇرنال)

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى

تۈزگۈچى ۋە نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» تەھرىر بۆلۈمى

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى يىكەنكۆل يولى غەربىي 1 ـ كوچا 27 ـ نومۇر

باسقۇچى: شىنجاڭ جىنبەن مەتبەئە چەكلىك شىركىتى

خەلقئارا ئۆلچەملىك نومۇرى:

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى:

تېلېفون نومۇرى: 4640715 4637126 پوچتا نومۇرى: 830063

باھاسى: 5.00 يۈەن